# شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى

# 新疆地方志



2006

1

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى

پەسىللىك ژۇرنال
23 - يىل نەشرى

ئومۇمىي 74 - سان

2006 - يىللىق
1 - سان

مەسلىھەتچىلەر
ئۇيغۇر سايرانى
ئىمىن تۇرسۇن
نۇرمۇھەممەت دۆلەتى
سابىر ئەلى

باش مۇھەررىر
دىلمۇرات مۇسا
مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر
ئابدۇرۇپ ئېلى
ئەخمەت روزى توغرۇل
تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى
(ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى)
ئابدۇرۇپ ئېلى، ئابدۇشۇكۇر تۇردى، ئابدۇقېيۇم خوجا، ئابلەت نۇردۇن، ئابلەت ئىمىن، رامىلە، غوپۇر ھوشۇر نىيازى، غوجائەخمەت يۇنۇس، قادىر ھايىز، قاسىم خوجا، قۇربان ماموت

مەسئۇل مۇھەررىر
پولات ھىمىت

## مۇندەرىجە

### ھۆججەتلەر

شىنجاڭنىڭ 2005 - يىللىق تەزكىرە خىزمىتىدىكى چوڭ ئىشلار ........................................ 1
ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ 2006- يىللىق خىزمەتلىرىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى .................... 10

### ئىلمىي مۇھاكىمە

روسىيىدە ساقلىنىۋاتقان بىرقىسىم كۇسەنچە پۈتۈكلەر ............... تەلئەت ئوبۇلقاسىم تۇمەن، مەمەت ساۋۇت 15

### تارىخ سەھىپىسىدە

دادامنىڭ خاتىرىسىدىن ............... تۇرسۇن بارات 28
قەشقەردە ئۆتكەن ساھىب تەگبىرلەر ............... ئوسمان مۇھەممىدى قاراقۇتلۇق 34

### تارىخىي ئەسلىمە

يولۋاس بىلەن بىللە بولغان كۈنلىرىم ............... ھەسەن بارات 36
مەرپەت گۈلىستانى ئۈمىد مەكتەپ ھەققىدە ئەسلىمە ............... ئابدۇسالام توختى 45

### مەشھۇر شەخسلەر

مەن بىلىدىغان لۇتپۇللا مۇتەللىپ ............... ئەھمەتئىمىن ئەلنەزەر 54

### يەر ناملىرى تەتقىقاتى

كۇچا، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپانلارنىڭ قەدىمكى ناملىرى ............... پائۇل پېللىئوت 60

مۇقاۋىدا: خوتەندىن تېپىلغان بۇددىزىم دەۋرىگە ئائىت تام رەسمى
ستەيىننىڭ «سېرىندىيە» دېگەن كىتابىدىن ئېلىندى

# شىنجاڭنىڭ 2005 - يىللىق تەزكىرە خىزمىتىدىكى چوڭ ئىشلار

**1 - ئاينىڭ 11 - كۈنى**

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» دىكى كەسپىي تەزكىرىلەرنى نەشر قىلىش خىزمىتىگە ھەيدەكچىلىك قىلىش - ماسلاشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى. 1 - نۆۋەتلىك تەزكىرىنى نەشر قىلىش ۋەزىپىسىنى تاماملاپ بولالمىغان 22 نازارەت - ئىدارىنىڭ مەسئۇل رەھبەرلىرى يىغىنغا قاتناشتى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى ما چىڭ ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىگە ۋاكالىتەن 2005- يىللىق «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» دىكى كەسپىي تەزكىرىلەرنى نەشر قىلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاشتۇردى، ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى دىلمۇرات مۇسا، ليۇ شىڭلار يىغىنغا قاتناشتى.

**1 - ئاينىڭ 18 - كۈنى**

ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ۋۇ شىڭدۇ، دىلمۇرات مۇسا، ليۇ شىڭلار ئورگان پارتكومى ۋە ئىشخانىدىكى يولداشلارنى باشلاپ ئورگاننىڭ دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان پېشقەدەم كادىرلىرىدىن ھال سورىدى.

**1 - ئاينىڭ 19 - كۈنى**

ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى ئورگىنى باھار بايرىمى، قۇربان ھېيتلىق كوللېكتىپ پەتىلەش يىغىنى ئاچتى. پارتگۇرۇپپا شۇجىسى، مۇئاۋىن مۇدىر سۈي شۇجيې سۆز قىلىپ، كۆپچىلىكنىڭ بايرىمىنى تەبرىكلىدى.

**1 - ئاينىڭ 27 - كۈنى**

ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىلغارلىقىنى ساقلاش تەربىيىسى بويىچە سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئاچتى. پارتگۇرۇپپا شۇجىسى، مۇئاۋىن مۇدىر سۈي شۇجيې سەپەرۋەرلىك سۆزى قىلدى، مۇئاۋىن مۇدىر ۋۇ شىڭدۇ بۇ پائالىيەتنى قانات يايدۇرۇشتىكى كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇشلارنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتتى.

**1 - ئاينىڭ 28 - كۈنى**

ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى يىلنامە خىزمىتى يىغىنى ئاچتى، ئاپتونوم رايوننىڭ كومىتېت، ئىشخانا، نازارەت، ئىدارىلىرىدىكى «شىنجاڭ يىلنامىسى» نىڭ 100 دىن ئارتۇق ئاپتورى (ماقالە ئۇيۇشتۇرغۇچى) يىغىنغا قاتناشتى. ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن مۇدىر سۈي شۇجيې، مۇئاۋىن مۇدىر ۋۇ شىڭدۇ، دىلمۇرات مۇسالار يىغىنغا قاتناشتى ۋە سۆز قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى يەنە «شىنجاڭ يىلنامىسى» نى ئۇدا 20 يىل ماقالە بىلەن تەمىنلىگەن (ماقالە ئۇيۇشتۇرغان) 5 ئىلغار شەخسنى ۋە «شىنجاڭ يىلنامىسى» نى تارقىتىش خىزمىتىدىكى 35 ئىلغار ئورۇننى تەقدىرلىدى.




**2 - ئاينىڭ 3 - كۈنى**

ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسى جاڭ چۈەننى شىنجاڭ ئومۇمىي

www.uyghurkitap.com

تەزكىرىسى خىزمىتى باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا، لى ۋېيدۇڭنى ماتېرىيال - ئۇچۇر تەتقىقات باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا، جاۋ شىنى ئىشخانىنىڭ مۇئاۋىن باشقارما دەرىجىلىك تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغۇچىلىقىغا تەيىنلەشنى قارار قىلدى.

**2 - ئاينىڭ 4 - كۈنى**

«شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. مەدەنىيەت ئىشلىرى تەزكىرىسى» نىڭ ئورىگىنالىنى باھالاش يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى، ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى لىۇ شىڭ يىغىنغا قاتناشتى ۋە سۆز قىلدى. مەدەنىيەت نازارىتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن نازىر لۇ جياچۈەن يىغىنغا قاتناشتى.

**2 - ئاينىڭ 23 - كۈنى**

ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى ئىشچى - خىزمەتچىلەر يىغىنى ئاچتى، پارتگۇرۇپپا شۇجىسى سۈي شۇجيې ئۆزىنىڭ ئۆگىنىش تەسىراتىغا بىرلەشتۈرۈپ، بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە پارتىيە دەرسى ئۆتتى. پارتىيە ئەزالىرىدىن جاۋ شى، يەن شۈتىڭ، ئەخمەت روزى، يىن خۇڭمېيلار نۇتۇق سۆزلىدى.

**2 - ئاينىڭ 24 - كۈنى**

ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىدىكى بارلىق پارتىيە ئەزالىرى بىلەن پارتىيىگە كىرىشنى ئىلتىماس قىلغان ئاكتىپلار كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىلغارلىقىنى ساقلاش تەربىيىسى پائالىيىتى بويىچە ئۆگەنگەن بىلىملىرىنى سىناش ئىمتىھانىغا قاتناشتى، نەتىجىسىنىڭ ئەلا بولۇش نىسبىتى %90تىن يۇقىرى بولدى.

**2 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىن 3 - ئاينىڭ 2 - كۈنىگىچە**

«خوتەن ناھىيىسى تەزكىرىسى» نىڭ ئورىگىنالىنى باھالاش يىغىنى خوتەن ناھىيىسىدە ئېچىلدى، ئاپتونوم رايوننىڭ ۋە ئالاقىدار ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەرنىڭ مۇتەخەسسىس، ئالىملىرى يىغىنغا قاتناشتى، خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى تيەن خەيجۇ يىغىنغا قاتناشتى ۋە سۆز قىلدى.

**2 - ئاي**

ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكوم تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى تۈزگەن «دەۋر ئاۋانگارتلىرى، تارىخنىڭ ئابىدىسى» ناملىق ئەسەر ۋىلايەت بويىچە كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىلغارلىقىنى ساقلاش تەربىيىسى پائالىيىتىدىكى يېتەكچىلىك قىلىش - ئۆگىنىش ماتېرىيالى قىلىپ بېكىتىلىپ نەشر قىلىپ تارقىتىلدى.

**3 - ئاينىڭ 7 - كۈنى**

ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاپپار ھەبىبۇللا ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدى. ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن مۇدىر سۈي شۇجيې ئاپتونوم رايون تەزكىرىچىلىك خىزمىتىنىڭ ئەھۋالىنى ۋە 2005 - يىللىق خىزمەت تەسەۋۋۇرىنى دوكلات قىلدى. مۇئاۋىن رەئىس جاپپار ھەبىبۇللا دوكلاتنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇ: تەزكىرە خىزمىتى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ بىر قىسمى، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ بىر تۈرلۈك سىستېما قۇرۇلۇشى، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەر تەزكىرە خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىشى ھەمدە ئۇنى زور كۈچ بىلەن قوللىشى، زۆرۈر بولغان خىزمەت شارائىتىنى ھازىرلاپ بېرىشى، خىراجەت قىيىنچىلىقى قاتارلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىشى كېرەك، دەپ كۆرسەتتى. ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ۋۇ شىڭدۇ، دىلمۇرات مۇسا، لىۇ شىڭلار دوكلات بېرىش يىغىنىغا قاتناشتى.

**3 - ئاينىڭ 17 - كۈنى**

ئىلى ئوبلاستلىق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى سۇڭ جيارېن بىر قىسىم پارتىيە ئەزالىرىنى باشلاپ نامراتلارنى يۆلەش نۇقتىسى- تېكەس ناھىيە چىلئۆزەك يېزىسى ئاقچى كەنتىگە بېرىپ، ئۇچ نامرات

ئائىلە ۋە ئوقۇغۇچىلارغا ياردەم بېرىلىدىغان ئىككى ئۆسمۈرنى يوقلىدى ھەمدە ئۇلارغا 1300 يۈەن پۇل ئىئانە قىلدى.

## 3 - ئاي

★ ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ليۇ شىڭ شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى خىزمىتى باشقارمىسىدىكى خادىملارنى باشلاپ ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى، تەرەققىيات - ئىسلاھات كومىتېتى، يېزا - بازار كارخانىلىرى ئىدارىسى، تاشقى ئىقتىساد - سودا نازارىتى، مائارىپ نازارىتى، مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى(دىن ئىشلىرى ئىدارىسى)، ئاياللار بىرلەشمىسى، پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى قاتارلىق نازارەت، ئىدارىلەرگە بېرىپ تەزكىرە خىزمىتىنى تەكشۈردى ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلدى.

★ جۇڭگو نەشرىياتچىلىق جەمئىيىتى يىلنامە تەتقىقات كومىتېتى ۋېنجۇ شەھىرىدە مۇكاپات تارقىتىش يىغىنى ئاچتى، جۇڭگو يىلنامە مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئورۇنلار تەقدىرلەندى. «شىنجاڭ يىلنامىسى»، «ئۈرۈمچى يىلنامىسى»، «شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يىلنامىسى» جۇڭگو يىلنامە مۇكاپاتىغا، «ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى يىلنامىسى» جۇڭگو يىلنامە مۇكاپاتى بويىچە ئىسمىنى ئاتاش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

## 4 - ئاينىڭ 11 - كۈنى

كادىرلار نازارىتى ئاپپارات - شتات كومىتېتى ئىشخانىسى «ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق ئاتالغۇ بېكىتىش كومىتېتىنى مەمۇرلار تۈزۈمى بويىچە باشقۇرۇش دائىرىسىگە كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى تەستىق»(ش ك [2005] 45 - نومۇرلۇق) نى تارقاتتى. ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى مەمۇرلار تۈزۈمى بويىچە باشقۇرۇلۇش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلدى.

## 4 - ئاينىڭ 14 - كۈنى

ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى پارتگورۇپپىسى كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىلغارلىقىنى ساقلاش تەربىيىسى پائالىيىتى مەخسۇس تېما قىلىنغان دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنى ئاچتى، پارتگورۇپپا ئەزالىرى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئۆلچىمى بويىچە ئۆزىنىڭ غايە ۋە ئېتىقادى شۇنداقلا خىزمەتلەردە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزۈپ، تۈزىتىش يۆنىلىشىنى ئايدىڭلاشتۇردى. پارتگورۇپپا 6 تۈرلۈك تۈزەش تەدبىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئاپتونوم رايونلۇق ھەيدەكچىلىك قىلىش گورۇپپىسى 20 - گورۇپپىسىنىڭ باشلىقى ۋاڭ يىشەن قاتارلىقلار دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىغا قاتناشتى ھەمدە تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

## 4 - ئاينىڭ 26 - كۈنى

«شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى . يەر باشقۇرۇش تەزكىرىسى» نىڭ ئورگىنالىنى باھالاش يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى، ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ليۇ شىڭ يىغىنغا قاتناشتى.

## 4 - ئاينىڭ 29 - كۈنى

ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ليۇ شىڭ جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئېكولوگىيە- جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنىغا بېرىپ «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. يەر شەكلى تەزكىرىسى»، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى . مۇزلۇقلار – دەريالار تەزكىرىسى» نى نەشر قىلىش خىزمىتى توغرىسىدا كېڭەشتى.

## 4 - ئاي

ئاپتونوم رايون مالىيىسى 500 مىڭ يۈەن ئورۇنلاشتۇرۇپ بەردى، بۇ پۇل «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. چوڭ ئىشلار»، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى . ئومۇمىي ئەھۋال»، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى . يەر شەكلى تەزكىرىسى»، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى . مۇزلۇقلار - دەريالار تەزكىرىسى»، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى . رايونلارنىڭ تەسىس قىلىنىش تەزكىرىسى»، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى . شەخسلەر تەزكىرىسى» نى نەشر قىلىشقا ئىشلىتىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

### 5 - ئاينىڭ 13 -، 14 - كۈنلىرى

«شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى . چوڭ ئىشلار» نىڭ ئورگىنالىنى باھالاش يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى، ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى لىۋ شىڭ يىغىنغا قاتناشتى ھەمدە سۆز قىلدى.

### 5 - ئاينىڭ 30 -، 31 - كۈنلىرى

ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىننىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى ئاپتونوم رايوننىڭ 2004 - يىللىق تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى خۇلاسىلەش، 2005 - يىللىق خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت بولدى. يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باش كاتىپى ئايۇپ تېيىپ رىياسەتچىلىك قىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى سەرجە يىغىنغا قاتناشتى، ئىسمائىل تىلىۋالدى يىغىندا مۇھىم سۆز قىلدى، ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن مۇدىر سۈي شۇجيې يىغىندا خىزمەت دوكلاتى بەردى. ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاپپار ھەبىبۇللا يىغىننىڭ يېپىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى ھەمدە مۇھىم سۆز قىلدى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئابلىز ھوشۇر يىغىننىڭ يېپىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى. ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ۋۇ شىگدۇ، دىلمۇرات مۇسا، لىۋ شىڭلار يىغىنغا قاتناشتى.

### 6 - ئاينىڭ 7 - كۈنى

ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى يىغىن ئېچىپ كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىلغارلىقىنى ساقلاش تەربىيىسى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش ھەققىدىكى ئومۇمىي ئەھۋال ۋە تۈزىتىش نەتىجىلىرىنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلدى ھەمدە ئىلغارلىقنى ساقلاش تەربىيىسى پائالىيىتىدە ئاممىنىڭ رازى بولۇش سالمىقىنى سىناپ كۆردى.

### 6 - ئاينىڭ 15 - كۈنى

ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى ئورگان پارتكومى بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئاپتونوم رايونلۇق زەھەر چەكلەش كۆرگەزمىسىنى كۆرۈشكە ئۇيۇشتۇردى.

### 6 - ئاينىڭ 24 - كۈنى

ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن مۇدىر سۈي شۇجيې باشقارما باشلىقلىرى بىلەن مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى مەسئۇلىيەتنامىسى ئىمزالىدى.

### 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى

«شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى . مىللەت تەزكىرىسى» ، (مىللەتلەر خىزمىتى قىسمى) نىڭ ئورگىنالىنى باھالاش يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى، ئالاقىدار مۇتەخەسسىس، ئالىملاردىن بولۇپ 20 نەچچە كىشى يىغىنغا قاتناشتى. ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى لىۋ شىڭ يىغىنغا قاتناشتى.

★ ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى ئورگان پارتكومى بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى 8 - ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش باشقارمىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا ئورۇنلاشتۇردى، بۇنىڭ بىلەن ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئىنقىلابىي ئەنئەنە تەربىيىسىگە ئىگە بولدى.

### 7 - ئاينىڭ 8 - كۈنى

«شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى . تاۋار تەكشۈرۈش تەزكىرىسى» (2 - نۆۋەت تۈزۈلگىنى) نىڭ ئورگىنالىنى باھالاش يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى لىۋ شىڭ يىغىنغا قاتناشتى ھەمدە مۇھىم سۆز قىلدى، ئاپتونوم رايونلۇق تاۋار تەكشۈرۈش - كارانتىن قىلىش ئىدارىسى پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى چيۇ دۇڭيۇ، ئىدارە باشلىقى شۇ جيې قاتارلىق رەھبەرلەر يىغىنغا

قاتناشتى.

### 7 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنىدىن 8 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىگىچە

ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ۋۇ شىڭدۇ، سابىق مۇئاۋىن مۇدىر سابىر ئەلى، ۋىلايەت، ناھىيە تەزكىرە خىزمىتى باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى سۇ خاۋفا «كۈنەس ناھىيىسى تەزكىرىسى» نىڭ ئورىگىنالىنى باھالاش يىغىنىغا قاتنىششىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەر، ناھىيىلەردە تەزكىرە خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، ئىلى ئوبلاستلىق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى سۈڭ جيارېن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسىدىكىلەرگە ھەمراھ بولدى.

### 7 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنىدىن 30 ـ كۈنىگىچە

«كۈنەس ناھىيىسى تەزكىرىسى» نىڭ ئورىگىنالىنى باھالاش يىغىنى كۈنەس ناھىيىسىدە ئېچىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن مۇدىر سۈي شۈجيې، مۇئاۋىن مۇدىر ۋۇ شىڭدۇ، سابىق مۇئاۋىن مۇدىر سابىر ئەلى، ۋىلايەت، ناھىيە تەزكىرىسى خىزمىتى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى جېڭ دۇڭخۇي، مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى سۇ خاۋفا، ئىلى ئوبلاستى ۋە باشقا ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىن كەلگەن 40 نەچچە ئادەم ئورىگىنال باھالاش يىغىنىغا قاتناشتى.

### 7 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى

ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى ئورگان پارتكومى ئورگان كادىرلىرىنى پارتىيە ئىستىلى پاكلىق قۇرۇلۇشى بويىچە زېھىن سىناش سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى.

### 7 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنىدىن 8 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىگىچە

ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن مۇدىر سۈي شۈجيې ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى نىلقا ناھىيىسى، ئىلى شۆبە ھەربىي رايونى، بورتالا شەھىرى، ئارىشاڭ، جىڭ ناھىيىلىرى، شىخۇ شەھىرى، ساۋەن ناھىيىسى، شىخەنزە شەھىرى، ماناس، قۇتۇبى ناھىيىلىرىدە تەزكىرە خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى ۋىلايەت، ناھىيە تەزكىرىسى خىزمىتى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى جېڭ دۇڭخۇي، ئىلى ئوبلاستلىق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى سۈڭ جيارېن، بورتالا ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى گارشا، مۇئاۋىن ئوبلاست باشلىقى پەرىدە ئادىرقان، بورتالا ئوبلاستلىق تەزكىرە ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى خۇ ياۋبىڭ، مۇئاۋىن مۇدىرى ليۇ خۇيلوڭ، تارباغاتاي ۋىلايىتى تەزكىرە ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى جيۇ ئەنلۇ، سانجى ئوبلاستلىق تەزكىرە ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى نيې جىشېڭ، مۇئاۋىن مۇدىرى شى چۈەنشېڭلار تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتا ھەمراھ بولدى.

### 7 ـ ئاي

ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، قاراماي، بورتالا، ئاقسۇ، قۇمۇل قاتارلىق ۋىلايەت، شەھەرلەر يىغىن ئېچىپ يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى ۋە ئىزچىللاشتۇردى.

★ «خېجىڭ ناھىيىسى تەزكىرىسى» نىڭ موڭغۇلچىسى نەشر قىلىندى، بۇ كىتاب تەخمىنەن 1 مىليون 500 مىڭ خەتلىك.

### 8 ـ ئاينىڭ 4 ـ، 5 ـ كۈنلىرى

«شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» مەخسۇس مۇھاكىمە يىغىنى ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ شۈيشىگۇ بازىرىدا ئېچىلدى، ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى دىلمۇرات مۇسا، ليۇ شىڭلار يىغىنغا قاتناشتى. يىغىندا قانداق قىلىپ 1 ـ نۆۋەتلىك تەزكىرىنى نەشر قىلىش سۈرئىتىنى تېزلىتىش توغرىسىدا مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى ھەمدە 2 ـ نۆۋەتلىك شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسىنى تۈزۈشنى يولغا قويۇش لايىھىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مۇھاكىمە قىلىندى، تۈزىتىش پىكرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

### 8 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى

ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ليۇ شىڭ ئومۇمىي تەزكىرە خىزمىتىنى باشقارمىسىدىكى ئالاقىدار خادىملارنى باشلاپ ئاپتونوم رايونلۇق سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى، تەرەققىيات-ئىسلاھات كومىتېتىغا بېرىپ تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى تەكشۈردى ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلدى.

### 8 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى

ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى تۈزگەن «تەزكىرە خىزمىتى قوللانمىسى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، باش مۇھەررىرى سۈي شۈجيې.

### 8 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنىدىن 28 ـ كۈنىگىچە

ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى مۇدىرلىرى، باش مۇھەررىرلەر كۇرسى ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئېچىلدى، 108 كۇرسانت تەزكىرە نەزەرىيىسى بىلىملىرىنى مەركەزلىك ئۆگەندى ھەمدە ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى بىلەن كادىرلار نازارىتى تارقاتقان كەسپىي تېخنىكا باشقۇرۇش ئىش ئورنى خادىملىرىنى تەربىيىلەش بويىچە ئىش ئورنىغا چىقىش گۇۋاھنامىسى ئالدى.

### 8 ـ ئاي

«شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى . ئورمانچىلىق تەزكىرىسى» نىڭ ئۇيغۇرچىسى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، بۇ كىتاب 800 مىڭ خەتلىك، باش بېكىتكۈچى ئەخمەت روزى.

### 9 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى

ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى ئورگان پارتكومى بارلىق ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى تەشكىللەپ شىنجاڭ گېزىتى ئىدارىسى، ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم پارتىيە تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسى، تەڭرىتاغ تورى بىرلىكتە ئۆتكۈزگەن رايون ئەھۋالىغا دائىر زېھىن سىناش پائالىيىتىگە قاتناشتى.

### 9 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى

ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ليۇ شىڭ ئومۇمىي تەزكىرە خىزمىتىنى باشقارمىسىدىكى ئالاقىدار خادىملار بىلەن بىرلىكتە ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ـ بازار كارخانىلىرى ئىدارىسىغا بېرىپ، تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى تەكشۈردى ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلدى.

### 9 ـ ئاينىڭ 21 — 27 ـ كۈنىگىچە

ئاپتونوم رايوننىڭ تەزكىرە سىستېمىسى بويىچە 2 ـ نۆۋەتلىك تەزكىرە خادىملىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. 80 كۇرسانت تەزكىرە نەزەرىيىسى بىلىملىرىنى خېلى سىستېمىلىق ئۆگەندى ھەمدە ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى بىلەن كادىرلار نازارىتى تارقاتقان كەسپىي تېخنىكا باشقۇرۇش ئىش ئورنى خادىملىرىنى تەربىيىلەش بويىچە ئىش ئورنىغا چىقىش گۇۋاھنامىسىغا ئېرىشتى.

### 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى

«شىنجاڭ يىلنامىسى» (2005 ـ يىل) خەنزۇچىسى نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى، بۇ كىتاب 1 مىليون 650 مىڭ خەتلىك، باش مۇھەررىرى ۋۇ شىڭدۇ.

### 10 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىدىن 10 ـ كۈنىگىچە

ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن مۇدىر سۈي شۈجيې پىچان ناھىيىسى، قۇمۇل ۋىلايىتى، قۇمۇل شەھىرىدە تەزكىرە خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. شىنجاڭ يىلنامىسى تەھرىراتىنىڭ باشلىقى خۇاڭ جيەنئەن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتا ھەمراھ بولدى.

### 10 - ئاينىڭ 9 - كۈنى

«شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى . رەڭلىك مېتال سانائىتى تەزكىرىسى» نىڭ ئورىگىنالىنى باھالاش يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى لىيۇ شىڭ يىغىنغا قاتناشتى ھەمدە سۆز قىلدى، شىنجاڭ رەڭلىك مېتال گۇرۇھى شىركىتىنىڭ باش مۇدىرى يۈەن زې يىغىنغا قاتناشتى.

### 10 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 22 - كۈنىگىچە

ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى كورلا شەھىرىدە ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك تەزكىرە كومىتېتى مۇدىرلىرى سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. يىغىننىڭ ئاساسلىق تېمىسى مەملىكەتلىك تەزكىرە كومىتېتى مۇدىرلىرى سۆھبەت يىغىنى، مەملىكەتلىك تەزكىرىنى ئوقۇش، تەزكىرىدىن پايدىلىنىش بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنلىرىنىڭ روھىنى يەتكۈزۈش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش، «2001 - ۋە 2005 - يىللىق ئاپتونوم رايون بويىچە تەزكىرە خىزمىتىدىكى ئىلغار خىزمەتچىلەرنى ۋە ئىلغار كوللېكتىپلارنى باھالاش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» قاتارلىق ئالاقىدار ھۆججەتلەر ھەققىدە پىكىر ئېلىش ئورىگىنالىنى مۇھاكىمە قىلىش، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ 2 - نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈشكە تەييارلىق كۆرۈش خىزمىتى ھەققىدىكى ئەھۋال تونۇشتۇرۇش دوكلاتىنى ئاڭلاشتىن ئىبارەت. ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن مۇدىر سۈي شۇجيې، مۇئاۋىن مۇدىر ۋۇ شىڭدۇ ھەمدە ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك تەزكىرە ئىشخانىلىرىنىڭ مۇدىر (مۇئاۋىن مۇدىر) لىرى يىغىنغا قاتناشتى. بايىنغولىن ئوبلاستلىق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى لىيۇ جىنشى يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەرنى يوقلىدى، ئوبلاستلىق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى يۈ شيۇچېڭ يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى ھەمدە تەبرىك سۆزى قىلدى.

### 10 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىن 30 - كۈنىگىچە

ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن مۇدىر سۈي شۇجيې كورلا شەھىرى، لوپنۇر، چاقىلىق، باغراش، خېجىڭ، خوشۇت ناھىيىلىرىدە تەزكىرە خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى ۋىلايەت - ناھىيە تەزكىرىسى خىزمىتى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى جېڭ دۇڭخۇي، بايىنغولىن ئوبلاستلىق تەزكىرە ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى يې سەيلىن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتا سۈي شۇجيېگە ھەمراھ بولدى.

### 10 - ئاينىڭ 28 - كۈنى

«شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى . مەمۇرىي ئىشلار تەزكىرىسى . ھۆكۈمەت» (قەدىمكى زامان، مىنگو دەۋرى قىسمى) نىڭ ئورىگىنالىنى باھالاش يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭىنىڭ مۇدىرى يەن چىن، ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى لىيۇ شىڭ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم پارتىيە تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى چېن گويۇ، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى مياۋ پۇشېڭ قاتارلىق رەھبەرلەر ۋە مۇتەخەسسىسلەر يىغىنغا قاتناشتى.

### 11 - ئاينىڭ 18 - كۈنى

«شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى . مۇھىت ئاسراش تەزكىرىسى» نىڭ ئورىگىنالىنى باھالاش يىغىنى ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئېچىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى لىيۇ شىڭ يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

### 11 - ئاينىڭ 10 - كۈنى

«شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى . مەمۇرىي ئىشلار تەزكىرىسى . ھۆكۈمەت» (ھازىرقى زامان قىسمى)

نىڭ ئورگىنالىنى باھالاش يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭىنىڭ مۇدىرى يەن چىن، ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى لىيۇ شىڭ ھەمدە ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىرى ۋە مۇتەخەسسىسلەر يىغىنغا قاتناشتى.

## 12 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى

ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە «كۇسەن مەدەنىيىتى» ناملىق كىتابنى تۈنجى تارقىتىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. «كۇسەن مەدەنىيىتى» دە كۇسەننىڭ 1500 نەچچە يىللىق تارىخى يىغىنچاقلانغان بولۇپ، مول تارىخىي ماتېرىياللار ئارقىلىق كۇسەن خەلقىنىڭ ياراتقان شانلىق مەدەنىيىتى خەلققە نامايەن قىلىنغان. مەزكۇر كىتاب ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكوم تارىخ ـ تەزكىرە ئىشخانىسى تەرىپىدىن تەھرىرلەندى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، بۇ كىتاب 900 مىڭ خەتلىك، باش تۈزگۈچى خۇا فاخاۋ.

## 12 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى

ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى 2005 ـ يىللىق خىزمەتلەرنى خۇلاسىلەش ھەمدە خىزمەتتىن دوكلات بېرىش يىغىنى ئاچتى، پارتگۇرۇپپىنىڭ شۇجىسى سۈي شۇجيې پارتگۇرۇپپىغا ۋاكالىتەن خىزمەتتىن دوكلات بەردى، مۇئاۋىن مۇدىر ۋۇ شىڭدۇ خىزمەتلەرنى خۇلاسىلىدى.

## 12 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى

جۇڭگو تەزكىرە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى «مەملىكەت بويىچە ئىلغار تەزكىرە خىزمەتچىلىرى، ئىلغار كوللېكتىپلارنى تەقدىرلەش توغرىسىدا قارار» چىقاردى. شىنجاڭدىن 6 كوللېكتىپ، 14 شەخس تەقدىرلەندى، بىر كىشى ئالاھىدە مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

## 12 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى

كادىرلار مىنىستىرلىكى، جۇڭگو تەزكىرە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى «مەملىكەت بويىچە تەزكىرە سىستېمىسىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار خىزمەتچىلەرنى تەقدىرلەش توغرىسىدا قارار» (كادىرلار مىنىستىرلىكى تارقاتقان [2005] 161 ـ نومۇرلۇق ھۆججەت) چىقاردى، شىنجاڭدىن بىر كوللېكتىپ تەقدىرلەندى.

## شۇ كۈنى

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» دىكى كەسپىي تەزكىرىلەرنى نەشر قىلىش خىزمىتى توغرىسىدا ماسلاشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاپپار ھەبىبۇللا يىغىنغا قاتناشتى ھەمدە مۇھىم سۆز قىلدى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى ئابلىز ھوشۇر يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى. «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» دىكى كەسپىي تەزكىرىلەرنى تۈزۈش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ بولالمىغان 20 نازارەت، ئىدارىنىڭ رەھبەرلىرى، ئىشخانا مۇدىرلىرى، تەھرىر ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرلىرى ۋە ئالاقىدار خادىملار يىغىنغا قاتناشتى. ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن مۇدىر سۈي شۇجيې «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» نىڭ تۈزۈلۈش ئەھۋالىدىن مەلۇمات بەردى، ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ـ ئىسلاھات كومىتېتى، مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى، مائارىپ كومىتېتى، تاشقى ئىقتىساد ـ سودا نازارىتى، يېزا ـ بازار كارخانىلىرى ئىدارىسى، ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى قاتارلىق ئورۇنلاردىكى يولداشلار خىزمەت ئەھۋالىنى دوكلات قىلدى، ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى لىيۇ شىڭ 2006 ـ يىلى «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» دىكى كەسپىي تەزكىرىلەرنى نەشر قىلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاشتۇردى. يىغىندا «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» دىكى 20 توم كەسپىي تەزكىرىنىڭ 2006 ـ يىلدىكى خىزمەت سۈرئىتى ۋە كىتابنىڭ چىقىش ۋاقتى ئېنىق بېكىتىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى

ۋۇ شىڭدۇ، دىلمۇرات مۇسالار يىغىنغا قاتناشتى.

## 12 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى

ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاپپار ھەبىبۇللا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى ئابلىز ھوشۇر، مالىيە نازارىتىنىڭ ياردەمچى كۆزەتكۈچىسى خې رۇيىڭ قاتارلىقلار ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى ئورگىنىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. مۇئاۋىن رەئىس جاپپار ھەبىبۇللا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا، تەزكىرە خىزمىتى ئىنتايىن مۇھىم خىزمەت، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر بۇ خىزمەتكە يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك، دەپ تەكىتلىدى. ئۇ ئاپتونوم رايوننىڭ تەزكىرە خىزمىتىنى قوللاش سالمىقىنى ئاشۇرىدىغانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مالىيە نازارىتىنىڭ مەبلەغ جەھەتتە تەزكىرە كىتابلىرىنى نەشر قىلىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى قوللىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

## 12 ـ ئاي

★ «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى . مەدەنىيەت ئىشلىرى تەزكىرىسى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، بۇ كىتاب 800 مىڭ خەتلىك، باش مۇھەررىرى ليۇ جياچى.

★ «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى . يەر باشقۇرۇش تەزكىرىسى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، بۇ كىتاب 1 مىليون 300 مىڭ خەتلىك، باش مۇھەررىرى جاڭ فۇشەن.

★ «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى . بىناكارلىق تەزكىرىسى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، بۇ كىتاب 1 مىليون 60 مىڭ خەتلىك، باش مۇھەررىرى لى جيەنشىن.

★ «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى . ئەسەر نەشرىياتچىلىقى تەزكىرىسى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، بۇ كىتاب 1 مىليون 120 مىڭ خەتلىك، باش مۇھەررىرى جۇ يۆگۇاڭ.

★ «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى . مىللەت تەزكىرىسى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، بۇ كىتاب 2 مىليون 200 مىڭ خەتلىك، باش مۇھەررىرى ۋاڭ پىڭ.

★ «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى . رەڭلىك مېتال سانائىتى تەزكىرىسى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، بۇ كىتاب 1 مىليون 500 مىڭ خەتلىك، باش مۇھەررىرى لياڭ جى.

★ «توقسۇن ناھىيىسى تەزكىرىسى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، بۇ كىتاب 1 مىليون 580 مىڭ خەتلىك، باش مۇھەررىرى ئا خۈيچىن.

★ توققۇزتارا ناھىيىسى تەزكىرىسى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، بۇ كىتاب 1 مىليون 300 مىڭ خەتلىك، باش مۇھەررىرى چېڭ دېبو.

★ «كېرىيە ناھىيىسى تەزكىرىسى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، بۇ كىتاب 1 مىليون 250 مىڭ خەتلىك، باش مۇھەررىرى ۋېي يۇڭلوڭ.

★ «چىرا ناھىيىسى تەزكىرىسى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، بۇ كىتاب 1 مىليون 300 مىڭ خەتلىك، باش مۇھەررىرى سۇن شىنماۋ.

★ «جېمىنەي ناھىيىسى تەزكىرىسى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، بۇ كىتاب 1 مىليون 300 مىڭ خەتلىك، باش مۇھەررىرى لى زى.

★ «شىنجاڭ يىلنامىسى» (2005 ـ يىللىق) نىڭ ئۇيغۇرچىسى نەشردىن چىقتى، بۇ كىتاب 1 مىليون 550 مىڭ خەتلىك، باش بېكىتكۈچى دىلمۇرات مۇسا.

★ «سانجى يىلنامىسى» (2005 ـ يىللىق) شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، بۇ كىتاب 1 مىليون 80 مىڭ خەتلىك، باش مۇھەررىرى نىي جىشېڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ 2006 - يىللىق خىزمەتلىرىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى

2006 - يىلى 11 - بەش يىللىق پىلاننىڭ تۇنجى يىلى شۇنداقلا پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى پارتىيە 16 - قۇرۇلتىيى ۋە 16 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى داۋاملىق ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرىدىغان، ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىدىغان، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرىدىغان بىر يىل. ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى يېتەكچى، «توغرا كەيپىيات يارىتىش، روھنى ئۇرغىتىش، قائىدە تۇرغۇزۇش، ئاساسىي كەسىپنى گۈللەندۈرۈش» نى خىزمەت پىكىر يولى قىلىپ، «ئومۇمىي خادىملارنىڭ ساپاسى ۋە خىزمەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش» مەزمۇن قىلىنغان «ئىككىنى ئۆستۈرۈش» پائالىيىتىنى داۋاملىق قانات يايدۇرىدۇ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىپ، تەزكىرە خىزمىتىدە تىرىشىپ يېڭى ۋەزىيەت يارىتىدۇ.

## 1. ئومۇمىي خادىملارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشنى نىشان قىلىپ، ئىدىيىۋى سىياسىي خىزمەتنى پائال ياخشى ئىشلەش

1) ئورگاننىڭ سىياسىي - نەزەرىيە ئۆگىنىشىنى داۋاملىق چىڭ تۇتۇش، تەزكىرە خىزمىتىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ نەزەرىيە ئۆگىنىشنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇپ، كۆپ خىل شەكىل قوللىنىپ ئۆگىنىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

2) «پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنى كۈچەيتىش، خەلق ئاممىسىغا خىزمەت قىلىش، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئىلگىرى سۈرۈش» تىن ئىبارەت نىشان تەلىپىگە ئاساسەن، كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىلغارلىقىنى ساقلاش تەربىيىسى پائالىيىتىنىڭ ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزمىنى بەرپا قىلىشقا كۈچ سەرپ قىلىش كېرەك. ئالاقىدار قائىدە - تۈزۈملەرنى داۋاملىق تۈزىتىپ ۋە تۈزۈپ، چىڭ تۇتۇپ ئەمەلىلەشتۈرۈش كېرەك.

3) سىياسىي ئىنتىزام ۋە تەشكىلىي ئىنتىزام تەربىيىسىنى كۈچەيتىش. ئالاقىدار ھۆججەتلەرنى ئۆگىنىشكە ۋاقتىدا تەشكىللەپ، بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ سىياسىي سەزگۈرلۈكى ۋە پەرق ئېتىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن قەتئىي بىردەكلىكنى ساقلاپ، بايرىقى روشەن ھالدا ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ساقلاش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كېرەك. پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ تەشكىلىي ئىنتىزام قارشىنى كۈچەيتىش، پارتىيە ئىنتىزامى ۋە ئىدارىنىڭ تۈرلۈك قائىدە - تۈزۈملىرىگە ئاڭلىق رىئايە قىلىش كېرەك.

4) پارتىيە ئىستىلى - پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىش. «تەربىيە، تۈزۈم، نازارەتچىلىككە تەڭ ئەھمىيەت بېرىلگەن چىرىكلىكنى جازالاش ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش

سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشنى يولغا قويۇش پروگراممىسى» نى يەنىمۇ ئۆگىنىپ ۋە ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيىلىك كادىرلارنى پارتىيىنىڭ قائىدە - قانۇنلىرىنى ئۆگىنىشكە تەشكىللەپ، قانۇنچىلىق قارىشىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنى قانۇننى بىلىدىغان ۋە چۈشىنىدىغان، قانۇنغا ئاڭلىق رىئايە قىلىدىغان قىلىپ تەربىيىلەش كېرەك. ئىبرەت تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، پارتىيىلىك كادىرلارنى ئىجابىي، سەلبىي جەھەتلەردىكى تىپىك ئىش - ئىزلار ۋە دېلو مىساللىرى ئارقىلىق تەربىيىلەپ، ئۇلارنىڭ چىرىكلىككە تاقابىل تۇرۇش، ئۆزگىرىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش كېرەك.

5) پارتىيىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش. خىزمەتكە پايدىلىق بولۇش، رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا قۇلايلىق بولۇشنى ئاساس قىلىپ پارتىيە ياچېيكىلىرىنى مۇۋاپىق تەڭشەپ، پارتىيە ياچېيكىلىرىنىڭ جەڭگىۋار ئىستىھكاملىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، بارلىق پارتىيە ئەزالىرىنى تەزكىرە خىزمىتىگە تۆھپە قوشۇشقا يېتەكلەش كېرەك. «ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ پارتىيە ياچېيكىسى خىزمىتى تۈزۈمى» نى ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتىنى نۇقتىلىق ياخشى تۇتۇش كېرەك.

6) پارتىيىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تەشكىلىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش. ئورگان پارتكومى ۋە پارتىيە ياچېيكىلىرى تەڭ تىرىشىپ، پارتىيىگە كىرىشنى ئىلتىماس قىلغانلارنى تەربىيىلەش، يېتىشتۈرۈش، قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى پائال ياخشى ئىشلىشى لازىم. تەربىيىلەش ئۈزۈلۈپ قالماسلىقى، يېتىشتۈرۈشتە تەدبىر بولۇشى، قوبۇل قىلىشتا پىلان بولۇشى، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ساپاسىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

7) ئورگاننىڭ مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى كۈچەيتىش. پارتگۇرۇپپا ئوتتۇرىغا قويغان ئومۇمىي خادىملارنىڭ ساپاسىنى ۋە خىزمەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت «ئىككىنى ئۆستۈرۈش» پائالىيىتىنى مەدەنىي ئورۇن بەرپا قىلىش بىلەن ئورگانىك بىرلەشتۈرۈپ، بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى تولۇق قوزغاپ، پۈتكۈل ئورگان تەڭ تۈتىدىغان، تەڭ باشقۇرىدىغان ياخشى كەيپىياتنى شەكىللەندۈرۈپ، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىي ئورۇن بولۇشنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈش كېرەك.

8) ھەر تەرەپلىمە تۈزەش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەپ، ئامانلىق ساقلاشتا شەھەر دەرىجىلىك نەمۇنە، ئىلغار ئورۇن دېگەن نامنى ۋە 2006 - يىللىق شەھەر دەرىجىلىك تازىلىقتا ئۆلچەمگە يەتكەن ئورۇن دېگەن نامنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈش كېرەك، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ۋە مەخپىيەتلىكنى ساقلاش تەربىيىسىنى كۈچەيتىش كېرەك.

9) پىلانلىق تۇغۇت، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى، ئاياللار بىرلەشمىسى ۋە پېشقەدەم كادىرلار خىزمىتىنى پائال ياخشى ئىشلەش كېرەك.

## 2. 2 - نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك باشلاش

مەركەزنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، 2006 - يىلى ئاپتونوم رايونىنىڭ 2 - نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتى ئومۇمىيۈزلۈك باشلىنىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە جەھەتلەردىكى خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش كېرەك:

1) ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە «ئاپتونوم رايونىنىڭ 2 - نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا قارار» نى تارقىتىشنى تەۋسىيە قىلىپ، 2 - نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئومۇمىيۈزلۈك باشلاش كېرەك.

2) 2 ـ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش لايىھەسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە تارقىتىش كېرەك. 2 ـ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش لايىھەسى ھەققىدە كۆپ قېتىم پىكىر ئېلىندى، 2006 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ئۇنى تۈزىتىپ مۇكەممەللەشتۈرۈش ھەمدە تارقىتىپ يولغا قويۇش كېرەك.

3) 2006 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنى ئېچىپ، تۇنجى نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنىڭ تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىنى خۇلاسىلەپ، 2 ـ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنىڭ ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ھەمدە يېقىنقى بىرقانچە يىل ئىچىدە نەشر قىلىنغان مۇنەۋۋەر تەزكىرىلەر ۋە يىلنامىلەر، تەزكىرە خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش، مۇكاپاتلاش كېرەك. يىغىننى 2006 ـ يىل 5 ـ ئايدا ناھىيە دەرىجىلىككىچە ئېچىش پىلانلاندى.

## 3. تۇنجى نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈشنىڭ قۇيرۇقىنى ئۈزۈش خىزمىتىنىڭ سۈرئىتىنى تېزلىتىش

دۆلەتنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن 2006 ـ يىلى تۇنجى نۆۋەتلىك تەزكىرە خىزمىتى ئومۇمىيۈزلۈك، ئۇزۇل-كېسىل تاماملىنىدۇ. ھازىر شىنجاڭنىڭ ۋەزىپىسى ناھايىتى مۈشكۈل، شۇڭا خىزمەت سۈپىتىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، ماسلاشتۇرۇش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ كىتابنى تېز، ياخشى چىقىرىشقا كاپالەتلىك قىلىپ، 2 ـ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىگە ياخشى ئاساس سېلىش كېرەك.

1) «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى»نى نەشر قىلىشتا زور بۆسۈش ھاسىل قىلىش كېرەك. 2006 ـ يىلى «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تەزكىرىسى»، «مەمۇرىي ئىشلار تەزكىرىسى. ھۆكۈمەت»، «ئاممىۋى تەشكىلاتلار تەزكىرىسى. ئاياللار بىرلەشمىسى»، «ئاممىۋى تەشكىلاتلار تەزكىرىسى . سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى»، «ساياھەتچىلىك تەزكىرىسى»، «يېزا ـ بازار كارخانىلىرى تەزكىرىسى»، «مائارىپ تەزكىرىسى»، «ئۇنىۋېرسال ئىگىلىك تەزكىرىسى»، «مۇھىت ئاسراش تەزكىرىسى»، «ئومۇمىي بايان»، «چوڭ ئىشلار»، «رايونلارنىڭ تەسىس قىلىنىش تەزكىرىسى»، «يەر شەكلى تەزكىرىسى»، «مۇزلۇقلار، دەريا- ئېقىنلار تەزكىرىسى»، «شەخسلەر تەزكىرىسى»، «تاشقى ئىقتىساد سودا تەزكىرىسى»، «نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت تەزكىرىسى»، «باھا تەزكىرىسى»، «ئاممىۋى تەشكىلاتلار تەزكىرىسى . كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى»دىن ئىبارەت 19 تەزكىرىنى نەشر قىلىش ۋەزىپىسىنى تاماملاش پىلانلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە «دىن تەزكىرىسى»، «دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلار تەزكىرىسى»، «يەر ناملىرى تەزكىرىسى»، «گېزىتچىلىك تەزكىرىسى»، «ھايۋانات تەزكىرىسى»، «ئۆسۈملۈك تەزكىرىسى»، «قۇملۇق تەزكىرىسى»نىڭ تەھرىرلىك سۈرئىتىنى تېزلىتىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىپ، ھۆكۈمەت مەخسۇس پۇل ئاجرىتىپ نەشر قىلىشقا تېگىشلىك كىتابلارنىڭ خىراجىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بالدۇرراق نەشردىن چىقىرىشىمىز كېرەك.

2006 ـ يىلى «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى»نى نەشر قىلىش ۋەزىپىسى ئېغىر، ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرمۇ ئاز ئەمەس، 2006 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بىر قېتىم ھەيدەكچىلىك قىلىش ـ ماسلاشتۇرۇش يىغىنى ئېچىپ، ۋەزىپىنى ئورۇنداپ بولالمىغان ئورۇنلارغا تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويماقچى.

2) ۋىلايەت (ئوبلاست)، ناھىيە (شەھەر) تەزكىرىلىرىدىن «قۇمۇل شەھىرى تەزكىرىسى»، «خوتەن

شەھىرى تەزكىرىسى»، «نىيە ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «كۇنەس ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «پەيزاۋات ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «خوتەن ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «ئاقسۇ ۋىلايىتى تەزكىرىسى» دىن ئىبارەت 8 تەزكىرىنى نەشر قىلىش كېرەك. «قاراقاش ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «خوتەن ۋىلايىتى تەزكىرىسى» نىڭ ئورگىنالىنى باھالاش يىغىنىنى ئېچىش كېرەك. ماسلاشتۇرۇش، تەشكىللەش، قاتنىشىش ئارقىلىق «قاناس كۆلى تەزكىرىسى» نى تۈزۈش خىزمىتىنى تاماملاپ يىل ئاخىرىدىن بۇرۇن ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشىگە يوللاشنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك.

3) «قەشقەر ۋىلايىتى تەزكىرىسى» (ئۇيغۇرچە 2 - قىسمى) نى تەكشۈرۈپ بېكىتىش، نەشر قىلىش ۋەزىپىسى، «غۇلجا ناھىيىسى تەزكىرىسى» نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمە ئورگىنالىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش، نەشر قىلىش ۋەزىپىسى، «ئۈچتۇرپان ناھىيىسى تەزكىرىسى» نى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىش، تەكشۈرۈپ بېكىتىپ نەشر قىلىش ۋەزىپىسىنى تاماملاش كېرەك.

4) «شىنجاڭ يىلنامىسى» نى نەشر قىلىش، تارقىتىش خىزمىتىنى داۋاملىق ياخشى ئىشلەش كېرەك. «شىنجاڭ يىلنامىسى» (2006) نىڭ خەنزۇچىسىنى 9 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىن بۇرۇن، ئۇيغۇرچىسىنى يىل ئاخىرىدىن بۇرۇن نەشردىن چىقىرىپ، يىلنامە تارقىتىش تورىنى كېڭەيتىپ قۇرۇپ، تارقىتىلىش مىقدارىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇش كېرەك.

5) ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك. «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىنى ياخشى چىقىرىپ، «تەزكىرىچىلىك ئۇچۇرى» نى تۈزۈش ۋە تارقىتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئۇچۇر مىقدارىنى ئاشۇرۇپ، سەھىپىسىنى كېڭەيتىپ، تەسىرىنى چوڭايتىش كېرەك. تەزكىرە ساھەسىدىكى مۇتەخەسسىس، ئالىملار قاتناشقان كىچىك كۆلەمدىكى بىر قېتىملىق تەزكىرە نەزەرىيىسى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىش پىلانلاندى.

## 4. ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، شىنجاڭنىڭ جايلار ئەھۋالىغا ئائىت تور پونكىتى قۇرۇش

دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، 2006 - يىلى مەملىكەت بويىچە تەزكىرە سىستېمىسىدىكى جايلار ئەھۋالى تورلىرىنى تۇتاشتۇرۇپ، تەزكىرىگە ئائىت جايلار ئەھۋالى بايلىقىدىن ئورتاق پايدىلىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى ھازىر قوللىنىۋاتقىنى پەقەت تار دائىرىلىك تور، ئاپتونوم رايون مالىيىسىدىن بېرىلگەن 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ بىلەن جايلار ئەھۋالى تورىنى كېڭەيتىپ، مەملىكەتنىڭ تور قۇرۇلۇشىنى ئارقىغا سۆرىمەسلىك كېرەك.

## 5. تەزكىرە سارىيى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش

ئاپتونوم رايوننىڭ مالىيە جەھەتتىن قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، تەزكىرە ماتېرىياللىرىنى ساقلاشقا كېرەكلىك ئۈسكۈنە ۋە تەزكىرىلەرنى شۇنىڭدەك تەزكىرە ۋە باشقا كىتابلارنى سېتىۋېلىش كېرەك.

## 6. تەزكىرىچىلىك قوشۇنىنى كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلەشنى

www.uyghurkitap.com

## كۆچەيتىپ، تەزكىرە كادىرلىرىنىڭ كەسپىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈش

تەزكىرە كىتابلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈش ئۈچۈن ئىختىساسلىقلارنى تەربىيىلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش مەقسىدىدە 2006 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە تەخمىنەن 100 ئادەم قاتناشقان بىر قارار تەزكىرە خادىملىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىش پىلانلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئورگاندىكى خىزمەتچى خادىملارنى تەربىيىلەش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، كادىرلارنى بىلىم ئاشۇرۇشقا ۋە خىزمەت قىلغاچ ئۆگىنىشكە پىلانلىق تاللاپ ئەۋەتىش كېرەك.

## 7. تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، ھەيدەكچىلىك قىلىش، ماسلاشتۇرۇش، يېتەكلەش سالمىقىنى ئاشۇرۇش

كومىتېت رەھبەرلىرى ۋە ئالاقىدار باشقارما ـ ئىشخانىلار ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشى، ئالاقىدار ناھىيە، شەھەرلەر ۋە تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسى بار نازارەت ـ ئىدارە ـ ئورۇنلارغا ياردەملىشىپ تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىدە ساقلانغان مەسىلىلەرنى ماسلاشتۇرۇپ ھەل قىلىشى، بۇ ئارقىلىق ئومۇمىي دائىرىدىكى خىزمەتلەرنى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك. يېتەكلەشنى كۈچەيتىپ، تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، شىنجاڭنىڭ تەزكىرە سىستېمىسىدا «ئىككىنى ئاشۇرۇش» پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش كېرەك.

## 8. مەمۇرىي ۋە ئارقا سەپ كاپالىتىگە ئائىت تۈرلۈك خىزمەتلەرنى داۋاملىق ياخشى ئىشلەپ، تەزكىرە خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەش

1) كادىرلار، ئەمگەك ـ مائاش، ئۇنۋان ئىلتىماس قىلىش، مالىيە باشقۇرۇش، مۇقىم مۈلۈك باشقۇرۇش، ئاپتوموبىل باشقۇرۇش قاتارلىق تۈرلۈك مەمۇرىي ۋە ئارقا سەپ كاپالىتى خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەپ، ئىش بېجىرىش ئۈنۈمى ۋە خىزمەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

2) ئورگاننىڭ مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش، جەمئىيەتنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش، مۇھىت تازىلىقى، پىلانلىق تۇغۇت، مەخپىيەتلىكنى ساقلاش، ئوت مۇداپىئە بىخەتەرلىكى خىزمەتلىرىنى پائال ياخشى ئىشلەپ، ئورگان مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسىنى خېلى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك.

3) مەبلەغ ئەمەلىيلەشسە خىزمەت بىناسىنىڭ ئىچىدىكى چاقچۇقلارنى رېمونت قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، ئىشخانىلارغا ئۈستەل ـ ئورۇندۇق، ئىشكاپلارنى سېتىۋېلىپ، خىزمەت شارائىتىنى ياخشىلاش كېرەك.

4) ئاممىنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، پاراۋانلىق تەمىناتىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاپ، ئاما كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلەرنى شارائىت يارىتىپ تەدرىجىي ھەل قىلىش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى
2005 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى

# روسىيىدە ساقلىنىۋاتقان بىر قىسىم كۇسەنچە پۈتۈكلەر

**تەلئەت ئوبۇلقاسىم تۇمەن**

(شىنجاڭ كۇسەن مىڭئۆي تەتقىقات ئورنىدىن)

**مەمەت ساۋۇت**

(شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى ئوتتۇرا تېخنىكوم ئاساسىي پەنلەر بۆلۈمىدىن)

قەدىمكى كۇسەن بەگلىكى تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىدىكى ئەڭ قەدىمىي بەگلىكلەرنىڭ بىرى، ئۇ يىپەك يولىنىڭ تۈگۈنىگە جايلاشقان بولۇپ، جۇغراپىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم. كۇسەن بەگلىكى ئۆزىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرغان. ھەرخىل مەدەنىيەتلەر مانا مۇشۇ زېمىندا ئۇچرىشىپ، يەرلىك مەدەنىيەت بىلەن يۇغۇرۇلۇپ ئۆزگىچە مەدەنىيەت شەكىللەنگەن. بۇھال ئۇنىڭ كۈچىنى زورايتىپ، شۆھرىتىنى ئاشۇرغان. بۇ بەگلىك 4 — 5 - ئەسىرلەدە كۈچىيىپ، تەسىر دائىرىسىنى قۇم (ئاقسۇ)، ئۇش (ئۇچتۇرپان)، سەپەرباي (ئاقچى)، بۈگۈر قاتارلىق جايلارغا يەتكۈزگەن①.

بۇددا دىنى كۇسەنگە تارقالغاندىن كېيىن، بۇ دىن بەگلىك ھۆكۈمرانلىرىنىڭ يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشىگە ئېرىشكەن، كۇسەن يىپەك يولىنىڭ شىمالىي بۆلىكىدىكى ئەڭ چوڭ بۇددا دىنى مەركىزىگە ئايلانغان. كۇسەنلىكلەر بۇددىزم سەنئىتىنىڭ يۇكسەك ئىپادىسى بولغان تام رەسىملىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا بۇددىزم سەنئىتىدىكى ئالاھىدە بولغان كۇسەن ئۇسلۇبىنى ياراتقان. بۇددىزم قۇرۇلۇش سەنئىتى جەھەتتە كۇسەن ئۇسلۇبىدىكى چايتيا (caitya) غارلىرىنى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرغان. كېيىن بۇ خىل قۇرۇلۇش سەنئىتى شەرققە كېڭىيىپ، قاراشەھەر، تۇرپان، دۇنخۇاڭلاردىكى مىڭئۆيلەرنىڭ قۇرۇلۇش سەنئىتىگىمۇ تەسىر كۆرسەتكەن.




گۈللەنگەن كۇسەن مەدەنىيىتىنىڭ نامايەندىسى بولغان كۇسەن بۇددىزمى 12 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىسلامىيەتنىڭ بۇ يەرگە

www.uyghurkitap.com

تارقىلىشى بىلەن ئۆتمۈشكە ئايلىنىپ، ئاستا ـ ئاستا ئۇنتۇلۇپ خارابىلىككە ئايلاندى ۋە مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتتى. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قوزغالغان ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكسپېدىتسىيە قىزغىنلىقى بۇ خارابىلىكلەرنى ئۇيقۇدىن ئويغاتتى.

كۇچا تارىم ئويمانلىقىدىن تېپىلغان قەدىمكى ھۆججەتلەردە ئەڭ بۇرۇن تىلغا ئېلىنغان جاي بولۇپلا قالماي، ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكسپېدىتسىيە قىزغىنلىقى پەيدا قىلغان ئوتلۇق ماكاندۇر. بۇ يەردىكى ئەجدادلىرىمىز قالدۇرۇپ كەتكەن مىڭئۆي ۋە باشقا خارابىلىكلەر 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدىغان «ئوۋ» مەيدانىغا ئايلىنىپ قالدى. روسىيە، فرانسىيە، گېرمانىيە، ئەنگلىيە، شۋېتسىيە ھەتتا ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەردىكى ئارخېولوگلار، تەۋەككۈلچىلەر، دىن تارقاتقۇچىلار، جۇغراپىيىشۇناسلار ۋە سەيياھلار ھەرخىل ناملار بىلەن بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى بۇ يەرگە كېلىپ، زور تارىخىي قىممەتكە ئىگە مەدەنىي مىراسلارنى قولغا چۈشۈرۈپ ئېلىپ كەتتى.

روسىيە بۇ قېتىمقى دولقۇندا ئەڭ كۆپ «ئولجا» غا ئېرىشكەن دۆلەت ھېسابلىنىدۇ. روسىيە شىنجاڭ بىلەن قوشنا بولغاچقا، ئۇزاقتىن بېرى شىنجاڭغا كۆز تىكىپ يۈرگەن ھەم ھەرخىل ناملاردا شىنجاڭغا كۆپ قېتىم ئەلچىلەر ئۈمىكى، تەكشۈرۈش ئەترىتى قاتارلىقلارنى ئەۋەتىپ، شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى ۋە قېزىلما بايلىقلىرىنى تەپسىلىي تەكشۈردى. ئۇلارنىڭ بىرقىسمى شىنجاڭدىكى جۈملىدىن كۇچادىكى بىرقىسىم قەدىمىي خارابىلەرنى تەكشۈرۈشنى ئۆز خىزمىتىنىڭ مۇھىم كۈنتەرتىپىگە قويدى، بولۇپمۇ كۇسەنچە ھۆججەتلەرنى قېزىش، يىغىۋېلىشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى.

رۇسلارنىڭ كۇچاغا قاچان قەدەم باسقانلىقى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇمات يوق، لېكىن قىزىل مىڭئۆي 38 ـ غار سول تەرەپ كارىدورىنىڭ تورۇسىغا يېزىلغان رۇسچە بېغىشلىمىدىكى «1873ـ يىلى» دېگەن يىلنامە ـ مەزمۇنلارغا ھەم قىزىلقاغا مىڭئۆي 16 ـ غارنىڭ ئوڭ تەرەپ كارىدور ئىچكى تامىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئۇيۇپ يېزىلغان «1879 ـ يىلى سېرگىي» دېگەن رۇسچە بېغىشلىمىلارغا قاراپ، رۇسلار ئەڭ كېيىن دېگەندىمۇ 1873 ـ يىلنىڭ ئالدى ـ كەينىدە كۇچادا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى بۇلاش ـ تالاش ۋە قېزىش بىلەن شۇغۇللانغان دېگەن خۇلاسىنى چىقىرىشقا بولىدۇ.

ئەنگلىيىنىڭ ھىندىستاندا تۇرۇشلۇق قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئوفىتسېرى خامىلتون بوۋېر 1890ـ يىلى ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، شوتلاندىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچى ئاندرېۋ دالگلىشنى ئۆلتۈرگەن قاتىلنى ئىزدەپ كۇچاغا كېلىدۇ ۋە تاسادىپىي پۇرسەتتە سۇبېشى بۇددا ئىبادەتخانىسى خارابىسىدىن تېپىلغان، قېيىن دەرىخىنىڭ قوۋزىقىغا يېزىلغان قەدىمكى كۇسەن يېزىقىدىكى 51 بەتلىك قوليازمىنى قولغا چۈشۈرىدۇ. كېيىن بۇ قوليازمىنى نېمىس نەسلىدىن بولغان ئەنگلىيىلىك شەرقشۇناس، دوكتور ئاۋگۇستۇس رودولوف خورنل ئوقۇپ چىقىپ، بۇ ھەقتىكى نەتىجىلىرىنى «بېنگال ئاسىيا ئىلمىي جەمئىيىتى خەۋەرلىرى» (1890 ـ يىلى) دە ۋە «بېنگال ئاسىيا ئىلمىي جەمئىيىتى ژۇرنىلى» نىڭ 1891ـ يىلىدىكى 60 ـ سانىدا ئېلان قىلىدۇ. كۇسەن يېزىقىدىكى بۇ قوليازمىنىڭ مەزمۇنى دورىگەرلىك

ۋە پىرىخۇنلۇققا ئائىت بولۇپ، دەۋرى مىلادىيە 4 -، 5 - ئەسىرلەرگە توغرا كېلىدۇ. بۇ قولىيازما ھازىر «بوۋېر قولىيازمىلىرى» دېگەن نامدا ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بودلېيان كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا.

1891 - يىلى ئەنگلىيىلىك دىن تارقاتقۇچى ۋېبېر كۇچادىكى مەلۇم مىڭئۆي خارابىسىدىن تېپىلغان قولىيازمىنى قولغا چۈشۈرىدۇ. 1892 - يىل 7 - ئايدا بۇ قولىيازمىنى دوكتۇر خورنلگە ئەۋەتىپ بېرىدۇ. بۇ قولىيازما «ۋېبېر كىتابى» دەپ ئاتىلىدۇ. خورنلىنىڭ «ۋېبېر كىتابى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىن تېپىلغان بىر تۈركۈم قەدىمكى ۋەسىقىلەر» دېگەن ماقالىسى «بېنگال ئاسىيا ئىلمىي جەمئىيىتى ژۇرنىلى» نىڭ 1893 - يىللىق 1 - سانىدا ئېلان قىلىنىدۇ. خورنلىنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، بۇ قولىيازما ئوخشاش بولمىغان توققۇز پارچە ئەسەردىن تۈپلەنگەن، جەمئىي 76 ۋاراق بولۇپ، دەۋرى مىلادىيە 7 - ئەسىردىن ئىلگىرى بولۇشى مۇمكىن ئىكەن②.

بۇ ئىككى ئەسەر بايقالغاندىن كېيىن، ھەرقايسى ئەللەر، بولۇپمۇ رۇسلار كۇچادىكى مىڭئۆيلەرگە، ئەڭ مۇھىمى قەدىمكى قولىيازمىلارنى قولغا چۈشۈرۈشكە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى. بۇ ھەرىكەتتە ئەڭ بۇرۇن مەيدانغا چۈشكىنى روسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى N . F . پېتروۋسكىي (1837 — 1908) بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

پېتروۋسكىي 1880 - يىللىرى ئەتراپىدا روسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلى بولۇپ تەيىنلەنگەندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئايغاقچىلىرى ئارقىلىق قەدىمكى قولىيازمىلارنى قولغا چۈشۈرۈشكە باشلىدى. بولۇپمۇ «بوۋېر قولىيازمىلىرى» بىلەن «ۋېبېر كىتابى» بايقالغاندىن كېيىن، پېتروۋسكىي دىققەت نەزىرىنى كۇچاغا مەركەزلەشتۈردى. بۇ جەرياندا كۇچادىكى غۇلام قادىرخان، ئەيساجان، ساھىپ ئەلى قاتارلىقلار مىڭئۆيلەردە قاتراپ يۈرۈپ يىغقان يازما يادىكارلىق ۋە باشقا بۇيۇملارنى قەشقەردىكى پېتروۋسكىيغا ئەۋەتىپ بېرىپ لايىقىدا پۇل تاپتى. 1892 — 1893 - يىللىرى پېتروۋسكىي روسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىكى ئولدېنبۇرگقا 100 پارچىدىن ئارتۇق كۆسەنچە ھۆججەتنى ئەۋەتىپ بەردى. ئولدېنبۇرگ 1893-1903-يىلغىچە «ئىمپېرىيە ئارخېئولوگىيە جەمئىيىتى شەرقشۇناسلىق بۆلۈمى خاتىرىسى» دە بۇ ھۆججەتلەرنىڭ فوتو سۈرىتى، ئوقۇلۇشى ۋە رۇسچە تەرجىمىلىرىنى ئېلان قىلدى.

پېتروۋسكىي 1903 - يىلى قەشقەردىن ئايرىلغىچە شىنجاڭدىن يىغنۇېلىپ روسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىگە ئەۋەتىپ بەرگەن ھۆججەت 582 پارچە بولۇپ، ئۇلاردىن 251ى سانسكرىتچە ھۆججەت (كۆپىنچىسى كۇچا بىلەن خوتەندىن تېپىلغان)، 297سى ئۇدۇن يېزىقىدىكى ھۆججەت (ئۇنىڭ 59ى بۇددا دىنىغا ئائىت ھۆججەت، 238ى دىنىدىن خالى ھۆججەت)، ئۈچى كۆسەن تىلىدىكى كەمتۈك ئەسەر، تۆتى تىبەتچە ھۆججەت، تۆتىنىڭ تىلى نامەلۇم③.

بۇ ھۆججەتلەر روسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىگە ئەۋەتىلگەندىن كېيىن، ئولدېنبۇرگ روسىيە ئارخېئولوگىيە جەمئىيىتىدىن شىنجاڭ رايونىغا بىر تەكشۈرۈش ئەترىتى ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلدى. نەتىجىدە بۇ جەمئىيەت 1906 - يىلى ئاكا - ئۇكا بېرېزوۋسكىيلاردىن تەشكىللەنگەن ئارخېئولوگىيە ئەترىتىنى تەكشۈرۈشكە ئەۋەتتى. ئۇلار قۇمتۇرا، قىزىل، سىمسىم، قىزىلقاغا

www.uyghurkitap.com



1 - ھۆججەت

مىڭئۆيلىرىدە تەكشۈرۈشتە بولدى. قىزىلقاغا مىڭئۆيىنىڭ 27-غار كارىدورىنىڭ سول تەرىپىدىكى تامغا يېزىلغان «پېرېزوۋسكىي 1906-يىلى» دېگەن يېغىشلىمىدىن ئۇلارنىڭ مۇشۇ مىڭئۆيدە تەكشۈرۈشتە بولغانلىقىنى ھەم بۇ يەردىن بىرقىسىم نەپىس تام رەسىملىرىنى كەسكەنلىكىنى بىلىۋالايمىز. ئۇلار بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشتە كۇچا رايونىدىن 31 پارچە ھۆججەت بايقىغان، ئۇنىڭ 24ى سانسكرىتچە ھۆججەت، بىرى قەدىمكى ئۇيغۇرچە- خەنزۇچە قوش تىللىق ھۆججەت، بىرى خەنزۇچە باسما ھۆججەت، بىرى قەدىمكى ئۇيغۇرچە- براھمىچە قوش تىللىق ھۆججەت، بىرى براھما يېزىقىدا يېزىلغان خەنزۇچە ھۆججەت. ئۇلار بۇلاردىن باشقا يەنە سانى ئازراق، لېكىن تارىخىي قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى بولغان كۇسەنچە دىندىن خالى ھۆججەتلەرنى بايقىغان④.

پېترووۋسكىي ۋە ئاكا - ئۇكا بېرېزوۋسكىيلار كۇچا رايونىدىن توپلىغان ۋە تېپىپ چىققان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ كۆپ قىسمى روسىيىدىكى ئاسىيا مۇزېيىدا ساقلانماقتا. 1913 - يىلى فرانسىيىلىك سۇلۋايىن لېۋى مۇزېيدىكى بىرقىسىم كۇسەنچە ھۆججەتلەرنى تەتقىق قىلدى ۋە رەتلەپ چىقتى. ئۇ ھۆججەتلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى دىنىي ھۆججەتلەر بولۇپ، نوقۇل ھالدا بۇددىزم ئەقىدىلىرى تەرغىپ قىلىنغان بولماستىن، يەنە مانى دىنىغا ئائىت بىر پارچە ھۆججەت بولۇپ، ئۇمۇ بۇددىزم پرىنسىپى ئاساسىدا يېزىلغان. ھۆججەتلەر ئۇزۇن، كەڭرى يەرلىك قەغەزگە ياكى توغراق قوۋزىقىغا يېزىلغان.

1998 - يىلى فرانسىيە ئىنستىتۇتىنىڭ مەشھۇر تۇخار تىللىرى مۇتەخەسسىسى، ھىندشۇناس ئالىم گىئورگىي پىنائۇلت ئاسىيا مۇزېيىدىكى كۇسەن تىلى (تۇخار تىلىنىڭ Bلەھجىسى) دىكى ھۆججەتلەرنى رەتلەۋېتىپ تاسادىپىي كۇسەن يېزىقىدا يېزىلغان بەش پارچە دىندىن خالى ھۆججەتنى بايقاپ قالدۇ. بۇ بەش پارچە ھۆججەتنىڭ تۆت پارچىسىنى پېرېزوۋسكىي

1. *wi kṣuṃntsa*① *kṣemārcune*② *lānti mewyai pikulne*③ *ñuñce śwer̲*\ *meñantse ne sāṅk̲*\ *śānta keś̲*\
2. [*t*]*essa keśa post̲a̲ṃ te yiknesa moko ñwetakke* ♦ *ccākkare* ♦ *saṅkatāse*④ *te yikne-*
3. *sa śānta parra spāwäṣar̲*\ ♦ *saṅkatāse kwañpe śiṅkrontse aṣicce alaṃ wästa pku-*
4. *weṣ̲*\ *śaiyye plyeṅksa wi cakaṃnma piś tom̲*\ *yaptsa*
5. *saṅkatāse lestāñe camil̲a̲ṃntse aṣicce alaṃ wästa pkuweṣ̲*\ *śaiyye plyeṅksa wi cakaṃnma pi-*
6. *ś tom̲*\ [*ya*]*ptsa* ♦ *saṅkatāse* ♦ *ccākkare ywārppai yparwe ċatilentse aiyye alaṃ*
7. *śaiyye wsar*[*e*] *ṣeme* *saṅkatāse wäṃṣṣintse aiyye alaṃ pkuweṣ̲*\ *śai-*
8. *yye wasa wi cakaṃnma śātresa* *ñwetakke aiyyāna śānta wāya wi*
9. *skañce śak̲*\ *śwerne ypay moko*⑤ *raktakullentse ccākka-*
10. *re ṇauyikṣentse pakata aiyye alaṃ pkuweṣ̲*\ *śaiyye wasa ṣeme* [*l*]
11. *cenak̲*\ *śak̲*\ *śwerne kapyāri śrāy*[ä]\ *klaiyna orocce kemesa asaṃntse ṣañ*[ä]\ *ṣārwai śśa-*
12. *wār̲*\ ♦ *parwe kṣuṃntsa kṣemārcune lānti piṅkce meṃne ñwetakke yikweñe tarme yparwe*
13. *kippāntse śaiyye wasa* X *alaṃ aṣṣicce ce śaiyye raktakule perisa wāya*
14. *saṅkatāse lyiwāntse aiyye alaṃ pkuweṣ̲*\ *śaiyye wasa* | *wästa pkusai ¡tomtsaisa* |

1 ـ هۆججەتنىڭ ئوقۇلۇشى

كۇچادىن تاپقان، يەنە بىر پارچىسىنى. كۇچالىق ئۇيغۇرلار بۇددىزم خارابىلىر- دىن بايقاپ، قەشقەر- دىكى پېتروۋىسكىيغا سېتىپ بەرگەن. بۇ هۆججەتلەر بۇتخانا خاتىرىسى، سودا - سېتىق، مەمۇرىي دوكلات، بۇتخانىلارغا سەدىقە قىلىنغان مال- چارۋا تىزىملىكى، كارۋانلارنىڭ يول خېتى قاتارلىق مەزمۇنلاردا ئىدى. بۇ هۆججەتلەر كۇسەننىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتى- سادىي ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشتا كەم بولسا بولمايدىغان تارىخىي هۆججەتلەر بولۇپ، پىنائۇلىتنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان.

شۇنىڭ بىلەن پىنائۇلىت بۇ هۆججەتلەرنى تەتقىق قىلىشقا كىرىشىپ، تەتقىقات نەتىجىسىنى 1998 ـ يىل 10 ـ ئايدا سانكت پېتېربورگدا چىقىدىغان «شەرق هۆججەتلىرى» دېگەن توپلامنىڭ 4 ـ توم 4 ـ نومۇرلۇق خاتىرىسىدە ئېلان قىلدى⑤.

بۇ بەش پارچە هۆججەتنىڭ قاچان، كىملەر تەرىپىدىن يېزىلغانلىقىنى بېكىتىش ناهايىتى قىيىن، لېكىن ئۇلاردا ئىلگىرىكى خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەردە كۆرۈلمىگەن كۇسەن بەگلىكىنىڭ ئۇچ قاغانى ۋە ئۇلارنىڭ يىلنامىلىرى تىلغا ئېلىنغان. بىز مۇشۇلارغا ئاساسەن، بۇ هۆججەتلەرنى هېچ بولمىغاندا مىلادىيە 7 ـ، 8 ـ ئەسىرلەر ئارىلىقىدا يېزىلغان دەپ پەرەز قىلىمىز.

تۆۋەندە بۇ بەش پارچە هۆججەتنىڭ فوتو نۇسخىسى، ئوقۇلۇشى، ئىزاهاتى ۋە ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنى ئوقۇرمەنلەرگە سۇندۇق.

**1 ـ هۆججەت** كەڭلىكى 28.7 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 36.8 سانتىمېتىر كېلىدىغان قەغەزگە قارا سىياهتا 14 قۇر قىلىپ يېزىلغان.

www.uyghurkitap.com





2 - ھۆججەت

ئىزاھ: 1) kṣuṃntsa بۇ ئادەتتە kṣum دەپمۇ يېزىلىدۇ، كۇسەن جەمەتىنىڭ خان جەمەت يىلنامىسى. بۇ سۆز يەنە قىزىلقاغا مىڭئۆيىنىڭ 25 - غارىغا يېزىلغان بېغىشلىمىدىمۇ ئۇچرايدۇ. بەزىلەر بۇ يىلنامىنى تاڭ سۇلالىسى خانى تەيزۇڭنىڭ جېنگۇەن يىلنامىسىنىڭ كۇسەن تىلىدىكى ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇشى مۇمكىن دەپ قارىغان. بىراق لىۋى، پېللىئوت قاتارلىقلار كۇچانىڭ شالدىراڭ كېچىكىدىن ئېلىپ كەتكەن ھۆججەت، تارشا پۈتۈك قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىپ، kṣum يىلنامىسىنىڭ كۇسەن ھۆججەتلىرىدە كۆرۈلگەن ۋاقىتنىڭ تاڭ تەيزۇڭ 627 — 649 - يىلغىچە قوللانغان جېنگۇەن يىلنامىسىدىن بۇرۇن ئىكەنلىكىنى بايقاپ، بۇ قاراشنى ئىلمىي ئاساستا رەت قىلدى⑥.

2) kṣemārcune كسېمار، جۇنا، كۇسەن خانلىرىدىن بىرى. ئۇنىڭ ئىسمى سانسكرىتچىدىن كۇسەن تىلىغا ئۆزلەشكەن بولۇپ، بۇ ھۆججەتتىن باشقا گېرمانىيىلىكلەر قىزىل مىڭئۆيدىكى نوم ساقلايدىغان غار (ھازىرقى 67 - غارنى كۆرسىتىدۇ، گېرمانىيىلىكلەر بۇ غارنى قىزىل تورۇسلۇق غار دەپ ئاتىغان) دىن ئېلىپ چىقىپ كەتكەن ھۆججەتلەردىمۇ ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا سۇبېشى بۇددا ئىبادەتخانىسىدىكى غارنىڭ تېمىغا يېزىلغان بېغىشلىمىدىمۇ ئۇچرايدۇ⑦.

1. *wärsañe* *t̲ar̲yāka ne ccākkarentse [m]uryesa*② *wara*③ *ṣal̲assi klyinaṣṣiṃ ʻ tu yparwe ypa-*
2. *y* *moko raktakulentse ccākkare ṣitaintse* *yośais̲*͵ *wästa pkusai* $\bar{a}_u$ *wasa* 1
3. *wi kṣuṃntsa kṣemārcune lānti rapaṃñe meṃne yapkontse yaitkorsa śattālya* *sa-*
4. *ṅkatāse po[h]lālaraiyśentse* *aiyyāna śānta wasa śwāra*④ $t_u$*nek̲*͵ *wi oro-*
5. *c[c]e [k]emesa awi 2 sana wästa pk(u)sa 1 ṣe āl̲*͵ *yriye* 1

2 - ھۆججەتنىڭ ئوقۇلۇشى

كسېمارجۇنا دېگەن بۇ سۆزنىڭ قوللىنىشىغا قارىغاندا بۇ خان كۇسەننىڭ ئەنئەنىۋى خان جەمەتىگە تەۋە ئەمەستەك قىلىدۇ، چۈنكى بۇ ئىسىمدىكى arcun قاراشەھەرنىڭ قەدىمكى نامى Agni بىلەن مۇناسىۋەتلىكتەكمۇ قىلىدۇ. بۇ خان ئىلگىرىكى خانلاردەك مەشھۇر بولمىغانمۇ ياكى تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئەپ ئۆتمىگەنمۇ، تاڭ سۇلالىسى يىلنامىلىرىدە تىلغا ئېلىنمىغان. مۇشۇنىڭغا قاراپ بۇ خاننى كۆك تۈركلەر تەختكە چىقارغان خان بولۇشى مۇمكىن دەپ قىياس قىلىشقىمۇ بولىدۇ. بۇ خاننىڭ كۇسەنگە قاچان ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقىنى ئېنىقلاشمۇ ناھايىتى قىيىن.



Fig. 3

3 - ھۆججەت

ھۆججەتنىڭ تىلى ھەمدە سۇبېشى بۇددا خارابىسىدىكى بېغىشلىمىلارغا قاراپ، بۇ خان كۇسەنگە مىلادىيە 7 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەپ ئېيتالايمىز.

3) mewyai pikulne بۇ بارس يىلى دېگەنلىك بولىدۇ(mewya بارس، يولۋاس).
كۇسەن تەۋەسىدىن تېپىلغان كۇسەنچە ھۆججەتلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، كۇسەن خەلقى ناھايىتى بۇرۇنلا 12 مۆچەل كالىندارىنى ئىشلەتكەن. بۇ ھۆججەتلەردە بارس يىلى كۆرۈلگەن بولسا، كېيىنكى ھۆججەتلەردە قوي يىلى(šayye قوي) كۆرۈلىدۇ. دۇلدۇل ئوقۇر خارابىلىكى (قۇمتۇرا مىڭئۆيىنىڭ جەنۇبىدىكى بۇددا ئىبادەتخانىسى خارابىسى، ئۆگەن دەرياسى بۇ خارابىلىكنى ئىككىگە بۆلۈۋەتكەن. دەريانىڭ غەربىدىكى خارابىلىكنى يەرلىكلەر شاھتۇر دەپ ئاتايدۇ، ئۇ ھازىر توقسۇ ناھىسىگە تەۋە؛ شەرقىدىكى خارابىلىكنى ئۇچتۇر دەپ ئاتايدۇ، ئۇ كۇچا ناھىيىسىگە تەۋە) دىكى غار تېمىغا يېزىلغان بېغىشلىمىدا ئىت يىلى، سۇبېشى بۇددا ئىبادەتخانىسى خارابىلىكىدىكى ۋىھارا غارلىرىنىڭ تېمىغا يېزىلغان بېغىشلىمىدا ئات يىلى(yakwi ئات)، مايمۇن يىلى(moko śkai مايمۇن)، كالا يىلى(okso كالا)، ئىت يىلى(wace ئىت) دېگەندەك مۆچەلناملىرى ئۇچرايدۇ.

4) šanka ~ šankam بۇ كۇسەن تەۋەسىدە قوللىنىلغان ئېغىرلىق ئۆلچەم بىرلىكى، ئەنگلىيىلىك ئالىم بايلى بۇنى سانسكرىتچە ṣamga دىن كېلىپ چىققان دەپ قارايدۇ.

5) moko، ypay بۇلار كۇسەن تىلىدىكى ھۆججەتلەردە كۆپ ئۇچرايدىغان ئەمەل - مەنسەپ نامى. بۇ يەردىكى moko بىر مەمۇريي رايون ياكى خانلىققا قاراشلىق مەلۇم سۇيۇرغال جاينى باشقۇرغۇچى ئاقساقال دېگەنلىك. باشقا ھۆججەتلەردە mokom، mokon ۋە mokonta شەكىللىرىدىمۇ ئۇچرايدۇ. ypay يەنە yapok، yakone دېگەن شەكىللەردە ئۇچرايدۇ. بۇ كۆك تۈرك مەنبەلىرىدىكى يابغۇ دېگەن نامغا يېقىنلىشىدۇ. كۇسەن بەگلىكى ناھايىتى بۇرۇنلا شىمالدىكى چارۋىچى مىللەتلەر بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولغان، بولۇپمۇ غەربىي تۈركلەر دەۋرىگە كەلگەندە بۇ خىل مۇناسىۋەت كۈچەيگەن ھەم غەربىي تۈركلەر ھامىيلىقىدىكى چوڭ بەگلىكلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالغان. 7 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا كۇسەن خانى سۇۋارنا پوسپا غەربىي تۈركلەرگە بېقىنغان ھەم تۈركچە ئىشكەم باغا ئېلتەبىر دېگەن مەنسەپنى قوللانغان⑧.

www.uyghurkitap.com

1. 14 kṣuntsa yśuhkwā (1) lānti śaiyye pikulne ñuñce meṃne keśa pos̱ta̱ṃ te [y]i(k)n(esa)///
2. nta spawāreñ\ tutse keś̱\ ///
3. $_{u}$wāṣṣi oroce kemesa ā$_{u}$w vāya sanai ariweṃ wāya wi wästā[ṟ\]
4. ās̱\ wāya sanai paiytiñe sutate perisa ā$_{u}$w wāya///
5. sa śle yari tep̱\ kwāṃntse pelykiṃ wästa pkuweṣ̱\ alā$_{u}$ plyeṅ[kuwa] ///
6. aṣṣice wästa pkuweṣ̱\ alaṃ iḵa̱ṃ wi caḵa̱ṃ (2) keneksa (4) ♦ rapañ[ñ]e ///
7. mesa ā$_{u}$w sruka sana cauṣi śwāra śānta (3) wāya wästāṟ\ pkuwe[ṣ̱]ṣ̱a̱(ṃ) ///
8. śānta ṣaṃsi śaṅke śka śem̱\ śānta wāya wi ṣeme aiyye ṣṣeme aṣṣi[c]e wä ///
9. weṣṣ̱a̱ṃ alawoṃ ś̱a̱kwāke śaṅke śānta wāya wi aṣiceṃ wästa [pk](u) ///
10. ṣeme śawāre wästa pkuweṣ̱\ śaile yapkoñe yaitkorsa śānta wāya///
11. ḵ\ aiyyāna tarya sanai ā$_{w}$ oroce kemesa ṣe āḻ\ wästa pku
12. simā śānta wāya wi aṣiceṃ wästa pkuweṣṣ̱a̱ṃ kippā aṣice śai[yy](e)///
13. me pkuweṣ̱\ cauṅkwi śānta wāya wi wästa pkuweṣṣ̱a̱ṃ alawoṃ ///
14. cinasene śaiyye wāya ṣeme aṣṣice wästa pkuweṣ̱\ ypoy mo[k](o)///
15. caṃndre asice śaiyye wāya ṣṣeme pkuweṣ̱\ ṣtempeṅk$_{u}$le ṯa̱ryā (p)ku(s)[ai] ///
16. wāya sanai ///
17. srukauwa śānta śaḵ ṯa̱rya ka ṅk[e] l[o] nes̱a̱ṃ omorḵa̱ñe [sa]ntap̱\ yāmuwa ṣuḵ\ ///

3 ـ هۆججەتنىڭ ئوقۇلۇشى

تەرجىمىسى:

ئۇلۇغ كۇسەن خانى كسىمارجۇنانىڭ 2 ـ يىلى يولۋاس يىلى 9 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى خەلق ئىچىدىكى ئۇششاق چارۋىلارنىڭ سانى ئېلىندى. بۇنىڭغا دائىر ئەھۋال مۇنداق: پىشقەدەم يابغۇلاردىن ساڭخاداسا (sanghadasa)، چاككارى (ccakkare) ۋە نۆۋەتچىلىك (nwetakkle) قاتارلىقلارنىڭ تۆۋەندىكىدەك مال ـ چارۋىلىرى ئازايغان يەنى ساڭخاداسا كۋانپې (kwanpe) غا قىرقىلغان بىر تېكىنى 250 شانكام ئاشلىققا ساتقان. ساڭخاداسا يەنە كامىل لېستان (camil lestane) غا ئىككى قېتىم قىرقىلغان بىر تېكىنى 250 شانكام ئاشلىققا ساتقان. ساڭخاداسا بىلەن چاككارى ئاۋال چاتىلى (catile) غا بىر قوچقار بەرگەن. ۋامسى (wamssi) ساڭخاداساغا 200 شانكام ئاشلىققا بىر قوچقار تېگىشكەن. نۆۋەتچىلى ئىككى قوچقار سېتىۋالغان.

10 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى چاككارى بۇ يۇرتنىڭ يابغۇسى راكتاكۇلى (raktakule) غا چىرايلىق تارالغان قوچقاردىن بىرنى بەرگەن. يەنە شۇ كۈنى ئىشلەمچىلەر، قېرى ـ چۈرىلەر ئۆزلىرىنىڭ قوي يۇڭى ۋە ئۆچكىسىنىمۇ ئۇنىڭغا بەرگەن. كسىمارجۇنانىڭ 3 ـ يىلى 5 ـ ئايدا نۆۋەتچىلىك كىپپا (kippa) غا بىر تېكە بەرگەن. راكتاكۇلى بۇ چارۋىلارنى تۆلەم ھېسابىدا قەرزگە بەرگەن. ساڭخاداسا لىيۋا (lyiwa) غا بىر قوچقىرىنى ئۇنىڭ ساغلىقىغا قويۇش ئۈچۈن ئارىيەت بېرىپ تۇرغان.

**2 ـ هۆججەت** كەڭلىكى 15.2 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 28.3 سانتىمېتىر كېلىدىغان قەغەزگە قارا سىياھتا بەش قۇر قىلىپ يېزىلغان.



4 ـ هۆججەت

ئىزاھ:

1) بۇ هۆججەتمۇ كۇسەن خانى كسىمارجۇنانىڭ ksum يىلى 11 ـ ئاي، 2 ـ يىلى 12 ـ ئايدا يېزىلغان بولۇپ، ئىككى هۆججەت بىر قەغەزگە يېزىلغاندەك قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ هۆججەتنىڭ مەزمۇنلارمۇ سۇچىلىق قۇرۇلۇشى بىلەن تېرىقچىلىقتىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا ئايرىلغان.

2) muryesa دەريا، ئۆستەڭ دېگەن مەنىدە، ئادەتتە يەنە mury دېگەن قىسقارتىلغان شەكلىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇ سۆز سوغدى تىلىدىن كۇسەن تىلىغا كىرگەن بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى سوغدى تىلىدىكى mwr̊yy دېگەن سۆزنىڭمۇ قانال، ئۆستەڭ دېگەن مەنىسى بار.

3) war سۇ دېگەن مەنىدە.

4) śwāra تۆت دېگەن مەنىدە.

تەرجىمىسى:

11 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى چاككارى ئۆستەڭگە سۇ باشلىماقچى بولىدۇ. شۇڭا چاككارى يابغۇ راكتاكۇلىغا سۇ ئىنشائاتى هەققى ئۈچۈن سېمىز ساغلىقتىن بىرنى بېرىدۇ. كسىمارجۇنانىڭ 2 ـ يىلى 12 ـ ئايدا يابغۇ ـ ئاقسۆڭەكلەر تېرىقچىلىق ئۈچۈن ئۇرۇق بۆيرۇتتى. ساڭخاداسا پوهلالارايىسې (pohlalaraiyse) غا [ئۇرۇقلۇق ئۈچۈن] تۆت قوي يەنى ئىككى چىشلىق قويدىن ئىككىنى، ساغلىقتىن بىرنى، قوچقاردىن بىرنى بېرىدۇ.

**3 ـ هۆججەت** كەڭلىكى 27.5 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 40 سانتىمېتىر كېلىدىغان قەغەزگە قارا سىياھتا 17 قۇر قىلىپ يېزىلغان.

ئىزاھ:

1) yśhkwā كۇسەن خانلىرىدىن بىرى، بۇ خاننىڭ نامى بۇ هۆججەتتىن باشقا قىزىل مىڭئۆي 95 ـ غار ئۇدۇل تامنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا ياغاچ كۆمۈر بىلەن يېزىلغان كۇسەن يېزىقىدىكى بېغىشلىمىدا ئۇچرايدۇ⑨.

2) cak چاك، كۇسەندە قوللىنىلغان ئۇزۇنلۇق بىرلىكى. ئۇنى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى

www.uyghurkitap.com

چىخ ( çiɤ ) سۆزى بىلەن سىلىشتۇرۇشقا بولىدۇ. بۇ سۆزلەر خەنزۇ تىلىدىكى 尺 دىگەن سۆز بىلەن مۇناسىۋىتى بارمۇ، بۇنى يەنىمۇ تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

3 ) sānta كۇسەن تىلىدىكى sankram دىگەن سۆزنىڭ قىسقار- تىلمىسى، سانسكرىتچە ئىبادەتخانا دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان saṅgharama دىگەن سۆزدىن كې- لىپ چىققان.

4 ) kenek پاختا رەخت دىگەن مەنىدە. بۇ خىل رەخت قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەردىكى كاناپ، بوز دىيىلگەن رەختىنىڭ ئۆزى.

تەرجىمىسى:

كۇسەن خانى yšhkwā نىڭ 14 - يىلى، قوي يىلى 9- ئايدىكى كىرىم - چىقىم ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە: ئۇششاق چارۋىلارنىڭ سانىنى ئازايتتىم. بۇ ئايلىق ساندا ئۇۋاسى ( uwāṣi ) بىر چىشلىق ساغلىق قوي ۋە ئىككى قوچقار، بىر ئۆچكە ئەكەلگەن. پائىيتى ( paiyti ) بىر چىشلىق ساغلىق قوي بىلەن بىر پاقلاننى قەرز ھېسابىغا ئەكەلگەن. تېپكۋام ( tepkwāṃ ) نىڭ ئارزۇسى بويىچە، مەن ئېرىك قويدىن بىرنى يەتتە چى پاختا رەختكە تېگىشتىم. 12 ـ ئايغا كەلگەندە بىر ساغلىق ئۆلۈپ قالدى. چائۇسى ( causi ) تۆت ئۇششاق چارۋا ئېلىپ كەلدى. شانكى ( śaṅke ) ئۇششاق چارۋىلارنىڭ سانىنى ئالغىلى كەلدى. [ ئۇنىڭغا] ئىككى قىرقىلغان مال يەنى بىر قوي، بىر تېكە بەردۇق. ساكۋاكى ( ṣa̱kwāke ) بىلەن شانكى ئىككى تېكە ئەكەلگەنىكەن، ئۇنىڭدىن بىرنى سويۇپ يېدۇق. ئاقساقال ( يابغۇ ) نىڭ بۇيرۇتىشى بىلەن ئۈچ قوي يەنى قېرى ساغلىقتىن بىرنى، پاقلاندىن ئىككىنى ئەكەلگەن. سىما ( simā ) ئىككى تېكە ئېلىپ كەلدى. كىپپا ( kippā ) بىر تېكە ئېلىپ كەلدى. چائۇنكۋى ( cauṅkwi ) ئېرىك قويدىن ئىككىنى ئېلىپ كەلگەن. جىناسېنا ( cinasene ) بىر تېكە ئەكەلگەن. يۇرت ئاقساقىلى بىر تېكە، ستېمپېنكۇلى ( ṣtempeṅkule ) بىر ساغلىق ئەكەلگەن. ئۇششاق چارۋىلاردىن 13ى ئۆلۈپ، يەتتىسى ئامان قالغان.

1. 21 *kṣuntsa yāśe① lānti pa[t] [pi]kulne② oktañce ik̲a̲ṃ ṣene ypoy moko wrau po ypo-*
2. *yntse ārtarsa④ śwāra pwārane③ śaumoṣe pauśye lau putkār̲\ cai mokṣarāmṣe puwarś$^{ä}$*
3. *śāmna | kerentsile | kkercipile | ptāmparre | catile | mikkiṣone | ykāṃn$^{ä}$\ | kwa-*
4. *ppale | śaṅkale | kercapiśke | k[e]pautile | capiśakke | kepautile | citre*
5. *| puttamitre | sot̲a̲rkāne | mitraiyśe | laraciwe | oktale | puñicaṃndre | ⟨saṅkaupte⟩*
6. *| kepautile | tarmasene | [ku]mpāntiśke | kutsawa[n]e putamitre | palāke | cinase-*
7. *ne | mikkinaiyśe | nwetakke |*
8. *cai kwañye puwarne śāmna | caukile | puluśke | malakke | wrau | cinatewe | ka-*
9. *ccināk̲\ wrau | kolti | palaṃtte | ś[i]ṅkiśke | kercapiśke | ortonāk̲\ śiṅki-*
10. *śke | puñyisene | maśuta | apārṣe wrau | lārutti | koppesale | laressa-*
11. *le | saṅkatāse | camil̲\ | —— mpaiyśe | pi[s]sure | pernau | puttaiyśe | śi-*
12. *ṅklo | nawarā — [ | ] capeś̲\ | casene |*

## 4 ـ ھۆججەتنىڭ ئوقۇلۇشى

4 ـ **ھۆججەت** كەڭلىكى 29.2 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 39.8 سانتىمېتىر كېلىدىغان قەغەزگە قارا سىياھتا 12 قۇر قىلىپ يېزىلغان.



5 ـ ھۆججەت

ئىزاھ:

1) yāśe ياشى كۇسەن خانلىرىدىن بىرى، ئۇنىڭ ئىسمى سانسكرىتچە yāśe دېگەن سۆزدىن كەلگەن. بۇ ھۆججەتتىن باشقا قىزىلقاغا مىڭئۆيى 25 ـ غارنىڭ كارىدورىغا يېزىلغان كۇسەن تىلىدىكى بېغىشلىمىدىمۇ بۇ قاغاننىڭ نامى ئۇچرايدۇ⑩. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ بېغىشلىما كۇسەن خانى ياشىنىڭ ksum 22 ـ يىلى يەنى ھۆججەت يېزىلىپ بىر يىلدىن كېيىن يېزىلغان.

2) pat pikul بۇت يىلى دېگەن مەنىدە بولۇپ، ستۇپا(بۇددا مۇنارى) يىلى دەپ قوللىنىلىدۇ. بۇ يىل نامى يەنە قىزىل مىڭئۆيىنىڭ 22 ـ غارىغا يېزىلغان بېغىشلىمىدىمۇ ئۇچرايدۇ. كۇسەن تىلىدا بۇتنى pat دەپ ئاتىغان. ئەمەلىيەتتە ستۇپا يىلىنىڭ كۇسەن رايونىدىكى ھۆججەتلەردە تىلغا ئېلىنىشى بۇ خانلىقتا ئۇن ئىككى مۆچەل كالېندارىدىن باشقا بۇددا دىنى كالېندارىنىڭمۇ قوللىنىلغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

3) puwar ئوت دېگەن مەنىدە، يەنە pwara دېگەن شەكىلدىمۇ ئۇچرايدۇ. كۆچمە مەنىسى تۇر، قارغۇ دېگەنلىك بولۇپ، ئۇنىڭ ھېچقانداق دىني مەنىسى يوق. بەلكى ھەربىي ئىشلاردا، يۇرت ئامانلىقىنى قوغداشتا بىر تۇردىن يەنە بىر تۇرغا خەۋەر يەتكۈزۈشتە يېقىلغان ئوتنى ۋە تۇرا، قارغۇنى كۆرسىتىدۇ.

4) arta چېگرا، چەك، پاسىل دېگەن مەنىدە.

تەرجىمىسى:

كۇسەن خانى ياشىنىڭ kṡum 21 ـ يىلى، ستۇپا يىلى 8 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى يابغۇ ۋرائۇ (wrau) خانلىق چېگرىسىنى بويلاپ تۇرلارغا ئوت يېقىش ئۈچۈن تۆت بۆلۈك كىشىنى ئەۋەتتى. موكساراما (mokṣarama) تۇرىغا ئوت ياقىدىغانلار: شامنا (samna)، كېرېنتسىلى (kerentsile)، پاتامپارا (patampare)، چاتىلى (caile)، مىككىشوني (mikkiṣone)، شانكالي (saṅkale)، كېرچاپىشكي (kercapiśke)، كېپائۇتىلي (kepautile)، پۇتتامىترا (puttamitre) سوتاركاني (sotarkane)، مىترايىشا (mitraiyśe)، ئوكتالي (oktale)، تارماسېني (tarmasene)، كومپانتىشكي (kumpantiśke) قاتارلىقلاردۇر؛ كۋانيي (kwanye) تۇرىغا ئوت ياققۇچىلار بولسا، چائۇكىلي (caukile)، پۇلۇشكي (puluske)، مالاككي (mulakke)، ۋرائۇ (wrau)، كولتى (kolti)، پالامتتي (palamtte)، شىنكىشكي (siṅkiske)، ئورتوناكشكي (ortomakske)، ماشۇتا (maśuta)، ئاپارشا ۋرائۇ (aparṣa wrau)، لارۇتتى (larutti)، كوپپې شالي (koppesale)، چامىل (camil) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

5 - ھۆججەت
كەڭلىكى 29 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 19.6 سانتىمېتىر كېلىدىغان قەغەزگە سەككىز قۇر قىلىپ قارا سىياھتا يېزىلغان.

ئىزاھ:

بۇ ھۆججەت مەلۇم شەھەر ياكى رايوننىڭ نوپۇس تىزىمى بولۇپ، ئۇنىڭدا 50تىن ئارتۇق كۆسەنلىكنىڭ قايسىسىنىڭ شەھەردە تۇرىدىغانلىقى، قايسىسىنىڭ ئۆيدە تۇرىدىغانلىقى تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن.

1. cai ñwai riṣi śrāy$^{\ddot{a}}$\ kalaṅku ♦ ketsutaiyśe ♦ kercapiśke ♦ tsakune ♦ ṣatyawārme ♦ citre-
2. rapaśke ♦ cinaupte ♦ citrasene ♦ śiṅkiśke ♦ puttaśile ♦ erkañciśke ♦ m̲a̲kkokke ♦ raktatāse (♦)
3. mikicandre ♦ caukilaiśe ♦ erkañciśke ♦ calaiśke ♦ tarmatte ♦ ettukāne ♦ korakke ♦ catile ♦
4. kercapiśke ♦ piñaute ♦ pañw[ai]ṣṣārṣe korakke ♦ motisāre ♦ śaiyle ♦
5. cai ostuwāṣi śrāy$^{\ddot{a}}$\ ♦ yatiśke ♦ yataiśe ♦ turkāne ♦ kumpānte ♦ ṣtukile ♦ saṅkopte///
6. ndre ♦ mikiṣṣone ♦ supriye ♦ tarmatte ♦ mikinare ♦ perñita ♦ aṃttule ♦ swamitre [♦]+ı ///
7. kāñyake ♦ kalaṅko ♦ catewe ♦ casene ♦ p̲a̲llentakke ♦ sumitre ♦ kepautiśke ♦ raktat[e]we ♦
8. +au —— [l]e — +e +e +e [k]i +i [l]e [♦] +i +i [ś]e ρ[u]ña +e +e +e [m]e [c]a///

5 - ھۆججەتنىڭ ئوقۇلۇشى



چاررۇسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلى پېتروۋىسكىي (سولدا)

تەرجىمىسى:

قالانقۇ (kalaṅku) ، كەتسۇتايىسى (ketsutaiśe) ، كەرچاپىشكى (kercapiske) ، ساقۇنى (tsakune) ، ساتيا ۋارما (satya warme) ، چىتراراپاشكا (citrarapaska) ، جىناپتا (cinaupte) ، شىنكىشكى (sinkiske) ، جالايىشكى (calaiske) ، تارماتتا (tarmatte) ، ئېتتۇكانا (ettukane) ، كوراككا (korakke) ، راكتاتاسى (raktatase) ، مىكىچاندرى (mikicandre) ، ئەركانچىشكا (arkaṅciśke) قاتارلىقلار يېڭى شەھەر كىشىلىرىدۇر. ياتىشكى (yatiśke) ، ياتايشى (yataise) ، تۈركانى (turkane) ، كۇمپانتى (kumpaṅte) ، شتوكىلى (stuile) ، ساۋامىترى (sawamitre) ، قالانقو (kalanko) ، چاسېنى (casene) سۇمىترى (sumitre) ، راكتات (raktat) قاتارلىق كىشىلەر ئۆيدە ئولتۇرىدىغان كىشىلەردۇر.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار:

① خاتانى ليۇتكې: «غەربىي يۇرت بۇددىزمى» ، 1999 - يىل سودا نەشرىياتى 180 - بەت.
② «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ، ئۇيغۇرچە 2004 - يىللىق 1 - سان، 81 -، 82 - بەتلەر.
③④ رۇڭ شىنجياڭ: «چەت ئەللەردىكى دۇنخۇاڭ، تۇرپان هۆججەتلىرى هەققىدە كۆرگەن-بىلگەنلىرىم» جياڭشى خەلق نەشرىياتى 1996 - يىل 6 - ئاي نەشرى، 116 -، 118 - بەتلەر.
⑤ بۇ ماقالىدىكى هۆججەرنىڭ ئوقۇلۇشى ۋە تەرجىمىسى «Manuseripta orientalia. VOL. 4 NO. 4» ژۇرنىلىنىڭ 1998 - يىللىق 4 - توم 4 - نومۇرىغا ئاساسەن ئىشلەندى.
⑥⑩ گېئورگىي پىنائۇلىت قاتارلىقلار تۈزگەن «پائۇل پېللىئوتنىڭ كۇچا رايونىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش خاتىرىسى . 8 - جىلد» تىكى 50 - سۈرەتكە، سۈبېشى — 34- هۆججەتكە قاراڭ، 1987 - يىلى فرانسىيە ئىنىستىتۇتى نەشرى.
⑦ لېۋى، پېللىئوت: «توخار تىلى ئۈستىدە تەتقىقات» ، فېڭ چىڭجۈن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان، جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى، 1957 - يىلى، 14 - بەت.
⑧ سۈڭتيەن شۈنەن: «قەدىمكى تەڭرىتاغنىڭ تارىخ - جۇغراپىيىسى ئۈستىدە تەتقىقات» (چېن جۇنمۇ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان) مەركىزىي مىللەتلەر ئىنىستىتۇتى نەشرىياتى، 1987- يىل 4 - ئاي، 328 - بەت.
⑨ گېئورگىي پىنائولىت 1994 - يىل 9 - ئايدا قىزىل مىڭئۆيدىكى كۆسەن يېزىقى يېزىلغان غارلارنى تەكشۈرۈپ، بۇ بېغىشلىمىلارنىڭ ئوقۇلۇشى ۋە ئېنگلىزچە تەرجىمىسىنى ئىدارىمىزنىڭ ماتېرىيال بۆلۈمىگە بىر نۇسخىدىن تەقدىم قىلغانىدى. بۇ يەردە شۇ ماتېرىياللاردىن پايدىلاندىم.

تەھرىرلىگۈچى: ئەخمەت روزى توغرۇل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# دادامنىڭ خاتىرىسىدىن

## تۇرسۇن بارات

(ئۈرۈمچى شەھەرلىك كادىرلار مەكتىپىدىن)

دادام بارات ئاخۇن خەلپىتىم 1880 ـ يىلى پەيزاۋات ناھىيىسىنىڭ ئەرگىتېرەك كەنتى چاقار مەھەللىسىدە تامچى ۋە نەققاش ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، 1955ـ يىل 10ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ئالەمدىن ئۆتكەن. كىچىكىدە مەھەللىدە ۋە قەشقەر شەھىرىدىكى ساچىيە مەدرىسلىرىدە ئوقۇغان. قاغىلىقتىكى مەشھۇر ئالىم ھۇسىينخان تەجەللىنىڭ قولىدىمۇ بىلىم ئالغان. 1913 ـ يىل كۈزدە پەيزاۋاتقا قايتىپ كېلىپ مەھەللىدىكى مەدرىسىگە ئىمام بولۇپ، بارات ئاخۇن خەلپىتىم دېگەن نام بىلەن يۇرتقا تونۇلغان.

مەن باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا دادام دائىم ماڭا 1933 ـ 1934 ـ يىللىرى پەيزاۋاتتا بولۇپ ئۆتكەن ئۇرۇشلارنى سۆزلەپ بېرەتتى. مەن 2002 ـ يىل 8 ـ ئايدا پەيزاۋاتقا تۇغقان يوقلاپ بېرىپ، بىر تۇغقىنىمىزنىڭ ئۆيىدە دادامنىڭ ئەينى چاغدىكى ۋەقەلەرنى يېزىپ قالدۇرغان قولىيازمىسىنى كۆرۈپ قالدىم. قول يازمىدىكى بەزى مەزمۇنلارنى رەتلەپ چىقتىم.

1930 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈندىكى خوجانىياز ھاجى، سالى دورغىلار باشچىلىق قىلغان قومۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى بىلەن 1931 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈندىكى ھەمدۇللا ئەلەم، مەخسۇت مۇھىتى، مەخمۇت مۇھىتى، مۇسۇلباي، داموللا ئابدۇللابەگ نەيىملەر باشچىلىق قىلغان تۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ شامىلى ھەش ـ پەش دېگىچە شىمالىي ۋە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تاراپ، خەلقنىڭ ئىدىيىسىنى تەۋرەتتى. بەزى جايلاردا (خوتەن، ئۈچتۇرپان ۋە قاقشال تاغلىق رايونىدا) خەلق مەخپىي ۋە ئاشكارە ھالدا تەشكىللىنىپ جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىنىڭ زۇلمىغا قارشى چىقتى».

1933 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تۆمۈر سىجاڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن كۇچا، بۈگۈر، ئاقسۇلارنى ئېلىپ، مارالبېشىنىڭ تۇمشۇق دېگەن يېرىدە قەشقەردىكى ياڭ تۇەنجاڭ قىسىملىرى بىلەن بىر ئايدىن ئارتۇق جەڭ قىلىپ ئۇلارنى مەغلۇب قىلدۇ. ياڭ تۇەنجاڭ



ئەسكەرلىرىنى چېكىندۈرۈپ پەيزاۋات ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىدىكى قابىلىنىڭ كۆۋرۈكىنى چېگرا قىلىپ، قوغلاپ كېلىۋاتقان تۆمۈر سىجاڭ ئەسكەرلىرىگە توسۇپ زەربە بەرمەكچى بولىدۇ. پەيزاۋاتنىڭ شەرقىدىكى غولتوغراق، يېڭى ئاۋات، شەرقىي شىمالىدىكى خۇشئاۋات ۋە ناھىيە بازىرى ئەتراپىدىكى خەلق ئۆزلۈكىدىن تەشكىللىنىپ تۆمۈر سىجاڭ ئەسكەرلىرىگە ياردەم بېرىدۇ. دادام بارات ئاخۇن خەلپىتىم ئۆزى ئىمامەتچىلىك قىلىۋاتقان مەسچىتتىكى ياش، ئوتتۇرا ياش ئەرلەرنى تەشكىللەپ، ئەسكەرلەر بىلەن بىللە ياڭ تۇەنجاڭغا قارشى ئۇرۇش قىلىدۇ. بۇ ئۇرۇش ناھايىتى شىددەتلىك بولۇپ، ھەر ئىككى تەرەپتىن كۆپ چىقىم بولىدۇ. ئاخىرى تۆمۈر سىجاڭنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن پەيزاۋات خەلقىدىن تەشكىللەنگەن پىدائىيلار ئۈستۈنلۈكنى قولغا كەلتۈرىدۇ، ياڭ تۇەنجاڭ قىسمى ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەي ئۇرۇش سېپىنى تاشلاپ قەشقەرگە چېكىنىدۇ. تۆمۈر سىجاڭ بىر قىسىم ئادەملىرىنى پەيزاۋاتتا قالدۇرۇپ قويۇپ، چوڭ قوشۇنىنى باشلاپ قەشقەرگە يۈرۈش قىلىدۇ. پەيزاۋاتلىق پىدائىيلارنىڭ بىر قىسمى چوڭ قوشۇنغا قوشۇلىدۇ، لېكىن كۆپىنچىسى يەنىلا ئۆز يېزىلىرىغا قايتىدۇ.

1934 - يىل 2 - ئاينىڭ 17 - كۈنى خوجانىياز ھاجى ۋە مەخمۇت سىجاڭ قوشۇنى يەكەندىن چىقىپ يوپۇغا ئارقىلىق پەيزاۋاتقا كېلىپ، بۇ يەردە خەلقنى بۇلاپ غەمسىز تۇرۇۋاتقان تۇڭگان ئەسكەرلەرگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىدۇ. پەيزاۋاتنى بازا قىلغان تۇڭگانلارغا قارشى ئۇرۇش 11 كېچە - كۈندۈز داۋاملىشىدۇ. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشقىمۇ يەنىلا پەيزاۋات ناھىيە بازىرى ئەتراپىدىكى خەلق ئاممىسى خالىس قاتنىشىپ، خوجانىياز ھاجىغا ياردەملىشىپ زور پىداكارلىق كۆرسىتىدۇ. داداممۇ شۇ پىداكارلىق كۆرسەتكۈچىلەرنىڭ بىرى.

## مەخمۇت سىجاڭنىڭ يېڭىشەھەردىكى تۇڭگانلار بىلەن قىلغان ئۇرۇشى

1934 - يىل 1 - ئاينىڭ 8 - كۈنى خوجانىياز ھاجى بىلەن مەخمۇت سىجاڭلار قەشقەرگە كېلىدۇ. 1 - ئاينىڭ 9 - كۈنى خوجانىياز ھاجى ۋە ئۇنىڭ قومۇللۇق ئەسكەرلىرى قەشقەر كوناشەھەردە قالىدۇ، مەخمۇت سىجاڭ ئەسكەرلىرىنى باشلاپ قەشقەر يېڭىشەھەرگە چىقىپ، خەلقنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلغان تۇڭگان ئەسكەرلىرىنى سۈرۈپ - توقاي قىلىپ سېپىل ئىچىگە كىرگۈزۈپ، سېپىلنى مۇھاسىرىگە ئالىدۇ. قەشقەردە ئەسلىدىلا بار بولغان ئەسكەرلەرنىڭ بىر قىسمى مەخمۇت سىجاڭغا ماسلىشىپ تۇڭگانلار بىلەن ئۇرۇش قىلغان بولسىمۇ، يەنە بىر قىسمى ئۇرۇشقا قاتناشماي، ئۇرۇش قىلغانلارنىڭ تاماشىسىنى كۆرىدۇ. سېپىلنىڭ قايسى تەرىپىدە قەشقەر ئەسكەرلىرى بولسا، تۇڭگان ئەسكەرلىرى شۇ تەرەپتىكى قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىپ، قورشاۋ ئەسكەرلىرىنى مەغلۇپ قىلىدۇ. مەخمۇت سىجاڭ بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ئۇ يەرگە ئۆزىنىڭ ئەسكەرلىرىنى ئەۋەتىپ، تۇڭگان ئەسكەرلىرىنى قوغلاپ سېپىل ئىچىگە كىرگۈزۈۋېتىدۇ. قىسقىسى، بىر تەرەپ چىڭ، بىر تەرەپ بوشاڭلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، تۇڭگانلار بىلەن قىلغان ئۇرۇش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نەتىجىسىز بولىدۇ.

1 - ئاينىڭ 16 - كۈنى كېچىسى مەخمۇت سىجاڭنىڭ قول ئاستىدىكى ئابدۇسەمى دېگەن كىشىنىڭ قوماندانلىقىدا ئەسكەرلەر كىرسىن ئېلىپ بېرىپ قەشقەر يېڭىشەھەر سېپىلىنىڭ بارىن دەرۋازىسىغا ئوت قويىدۇ. دەرۋازا ئۈستىدىكى تۇڭگان ئەسكەرلىرىنىڭ ئالدىن تەييارلىقى بولغاچقا، قوم ۋە سۇلار بىلەن ئوتنى ئۆچۈرۈۋالىدۇ ھەمدە بومبا، پىلىموتلار بىلەن دەرۋازىنى قاتتىق قوغدايدۇ. مەخمۇت سىجاڭنىڭ ئەسكەرلىرى ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەي دەرۋازىنى تاشلاپ چېكىنىشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئەمما 16 ئەسكەر دەرۋازا يېنىدىكى خەندەكتە قېلىپ، بىر كېچە - كۈندۈز خەندەكنىڭ تېمىنى تېشىپ ئىچىگە كىرىۋېلىپ، سېپىل ئۈستىدىكى تۇڭگان ئەسكەرلەر بىلەن ئېتىشىدۇ. تۇڭگان ئەسكەرلەر خەندەككە چوڭ توپ ئوقى ئاتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن خەندەكتىكى ئەسكەرلەردىن نىزامىدىن پەيجاڭ بىلەن مەخسۇت بەنجاڭ شېھىت بولىدۇ. ئەتىسى ئاخشىمى 14 ئەسكەر ئىككى سەپدىشىنىڭ جەسىدىنى ئېلىپ كېلىدۇ. دەرۋازىغا ئوت قويغاندا قوماندان ئابدۇسەمىنىڭ پۇتىغا ئوق تېگىپ يارىلانغان بولۇپ، ئۇنى ئالدىن قايتقان ئەسكەرلەر كۆتۈرۈپ كەتكەن ئىدى. قەشقەر يېڭىشەھەرنى ئېلىش ئۇرۇشىدا مەخمۇت سىجاڭنىڭ ئەسكەرلىرى ناھايىتى زور باتۇرلۇق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئەمما قەشقەردىكى ئەسكەرلەر سۇس پوزىتسىيىدە بولغانلىقى ھەمدە ھەر كۈنى تۇڭگانلارغا ئاخبارات يەتكۈزۈپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، 1- ئاينىڭ 9 - كۈنىدىن 2 - ئاينىڭ 5 - كۈنىگىچە داۋاملاشقان 27 كۈنلۈك قانلىق ئۇرۇش مەخمۇت سىجاڭ قوشۇنىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. مەخمۇت سىجاڭ ئامالسىز قەشقەر يېڭىشەھەرنى ئۇرۇمچىدىن ياردەمگە كەلگەن 1200 تۇڭگان ئەسكەرگە بوشىتىپ بېرىپ ئاقتۇ ئارقىلىق يېڭىسارغا چېكىنىدۇ.

## چوكانىيار ئۇرۇشى

1934 - يىل 2 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئاقسۇ تەرەپتىن 1200 تۇڭگان ئەسكەرنىڭ كېلىۋاتقانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغان خوجانىياز ھاجى ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇش ئۈچۈن، ھامۇتخان لوجاڭ، كىچىك ئاخۇن تۇەنجاڭ، غوپۇر تۇەنجاڭلارنىڭ قوشۇنىغا بىر قىسىم خوتەن ئەسكەرلىرىنى قوشۇپ، 2000دىن ئارتۇق ئادەم تەييارلاپ يولغا چىقىپ، ياندۇما بازىرىغا كېلىپ قونىدۇ. ئۇلار ئەتىسى ئاش ۋاقتى بىلەن چوكانىياردا تۇڭگان ئەسكەرلەر بىلەن ئۇچرىشىپ ئۇرۇشنى باشلىۋېتىدۇ. ئۇرۇش ناھايىتى شىددەتلىك داۋاملىشىۋاتقاندا، گەمەساڭلىق (يۇرت نامى) سىلىم ئاخۇن ئونبېشى تۇڭگان ئەسكەرلەرنى چوكانىيارنىڭ غەربىي شىمالىدىكى بىر مەھەللە ئارقىلىق باشلاپ مېڭىپ دەريادىن ئۆتكۈزۈپ، خوجانىياز ھاجى قوشۇنىنىڭ ئارقا تەرىپىگە ئەكىلىپ قويىدۇ. تۇڭگان ئەسكەرلەر قارشى تەرەپنىڭ ئارقا تەرىپىگە ئۆتۈۋېلىپ زەربە بەرگەچكە، خوجانىياز ھاجىنىڭ قوشۇنى بۇ ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولىدۇ. قەشقەر ۋە خوتەنلىك ئەسكەرلەر چوڭ يول بىلەن ئۇدۇل قەشقەر كوناشەھەرگە قاراپ قاچىدۇ. خوجانىياز ھاجى ئۆزىنىڭ ئەسكەرلىرىنى ئاۋاتنىڭ ئايىغىدىكى سىغىزلىق ئارقىلىق قەشقەرگە قايتۇرۇپ

كېلىدۇ. ئۇلار دەريا بويىغا كەلگەندە كۆۋرۈك تار بولغانلىقتىن، كۆۋرۈككە قاپسىلىپ قالىدۇ. دەل مۇشۇ پەيتتە ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن 70تىن كۆپرەك ئاتلىق تۇڭگان ئەسكەر قوغلاپ كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسمىسا كۆۋرۈكتە قاپسىلىپ قالغان قوشۇن زور چىقىمغا ئۇچرايتتى. خوجانىياز ھاجى غوپۇر تۇەنجاڭغا ئاتلىقلارنى توسۇش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ. غوپۇر تۇەنجاڭ بۇيرۇققا بىنائەن 20 ئەسكەرنى باشلاپ بىر ئېرىق ئىچىگە يوشۇرۇنۇپ تۇرىدۇ. ئاتلىق ئەسكەرلەر ئېرىققا 50 مېتىرچە قالغاندا، ئېرىقتىكى مۆكۈپ تۇرغان ئەسكەرلەر 20 دانە پىلىموتتىن تەڭلا ئوق چىقىرىدۇ. ئالدىدا چېپىپ كېلىۋاتقان بەش ئاتلىق تۇڭگان ئەسكەر شۇ ھامان ئېتى بىلەن موللاق ئېتىپ دۈم چۈشۈپ ئۆلىدۇ. بۇنى كۆرگەن ئاتلىق ئەسكەرلەر ئۆلگەن بۇرادەرلىرىگىمۇ قارىماي، ئاتلىرىنى ئارقىغا بۇراپ جېنىنىڭ بېرىچە قېچىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خوجانىياز ھاجى ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى زور بىر قىرغىنچىلىقتىن قۇتۇلۇپ، بەشكېرەم يولى بىلەن كېچىلەپ قەشقەر كوناشەھەرگە قايتىپ كېلىدۇ.

## پەيزاۋات ۋە چوكانياردىكى 2 ـ قېتىملىق ئۇرۇش

خوجانىياز ھاجىلار 1934 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئاخشىمى قەشقەر شەھىرىنى تاشلاپ يولغا چىقىپ، ئەتىسى يېڭىسارغا كېلىدۇ. يېڭىساردا ئات ـ ئۇلاغلىرىغا ئازراق ئوت ـ سامان بېرىپ يەنە يولغا چىقىپ، 2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى كەچتە يەكەنگە كېلىدۇ. يەكەندە نەچچە كۈن تۇرۇپ ئازراق تەييارلىق قىلغاندىن كېيىن، 2 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى يوپۇغا ئارقىلىق پەيزاۋاتقا بېرىپ، شۇ يەردە تۇرۇۋاتقان تۇڭگان ئەسكەرلەرگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىدۇ. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا تۇڭگان ئەسكەرلەر مەغلۇپ بولۇپ قەشقەر يېڭىشەھەرگە قاچىدۇ. مەخمۇت سىجاڭنىڭ ئەسكەرلىرى ئۇلارنى چوكانيارغىچە قوغلاپ زەربە بېرىپ، چوكانيارنى ئالدىنقى سەپ قىلىپ ساقلاپ ياتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئاقسۇ ۋە قەشقەر يېڭىشەھەر تەرەپلەردىن كېلىدىغان تۇڭگان ئەسكەرلەرنىڭ يولى ئۈزۈلۈپ تاشلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ پەيزاۋاتنى بازا قىلىپ تۇرۇپ تۇڭگان ئەسكەرلەر بىلەن 11 كۈن ئۇرۇش قىلىدۇ. قەشقەر يېڭىشەھەردىكى تۇڭگان ئەسكەرلەر چوكانيارغا بىرنەچچە قېتىم چوڭ كۆلەملىك ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، مەخمۇت سىجاڭنىڭ قوشۇنى ئۆزى تۇرغان جاينى قاتتىق قوغدايدۇ. ئۇرۇش كەسكىن داۋاملىشىۋاتقان مەزگىلدە، پەيزاۋات ناھىيىسىنىڭ سابىق ھاكىمى لى يى (شالغۇت، ئۇيغۇرچە ئىسمى ئەمرۇللا) يېڭىشەھەردىكى تۇڭگانلارغا «خانئېرىق، يوپۇغا ئارقىلىق پەيزاۋاتقا كېلىڭلار، ئۇيغۇرلارنىڭ ئارقا تەرىپى بوش، ئادەم يوق» دېگەن مەزمۇندا خەۋەر ماڭغۇزىدۇ. بۇ خەۋەرنى تاپشۇرۇپ ئالغان تۇڭگانلار يوپۇغا ئارقىلىق ئاپپاق خوجىغا كېلىدۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان مەخمۇت سىجاڭ چوكانيارنى تاشلاپ پەيزاۋات ناھىيە بازىرىغا قايتىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

## قابىلنىڭ كۆۋرۈكى ۋە يېڭى ئاۋاتتا بولغان ئۇرۇش

1934 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى

قەشقەر يېڭىشەھەردىكى تۇڭگانلار پۈتۈن كۈچىنى توپلاپ پەيزاۋاتقا ھۇجۇم قىلىدۇ. خوجانىياز ھاجى بىلەن مەخمۇت سىجاڭ پەيزاۋات ناھىيە بازىرىدا ئۇرۇش قىلسا خەلققە كۆپ زىيان بولىدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىگە 5 ـ 6 كىلومېتىر كېلىدىغان قابىلىنىڭ كۆۋرۈكى ۋە يېڭى ئاۋاتقا كېلىپ تۇڭگانلار بىلەن شىددەتلىك ئۇرۇش قىلىدۇ. 29 ـ كۈنىدىكى ئۇرۇشتا خوجانىياز ھاجىنىڭ قوشۇنى تۇڭگانلاردىن يېڭىلىدۇ. ئەتىسى مەخمۇت سىجاڭنىڭ قوشۇنى تۇڭگانلار بىلەن يەنە بىر قېتىم قاتتىق جەڭ قىلغان بولسىمۇ، بىراق ئۇلارمۇ يېڭىلىپ، بىنامىدىن ئۆتۈپ مارالبېشىنىڭ چوڭقۇرچاق يېزىسى ئارقىلىق مەكىت ناھىيىسىگە چېكىنىدۇ. قىسقىسى، بۇ قېتىمقى ئىككى جايدىكى ئۇرۇش خوجانىياز ھاجى قوشۇنىنىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن ئاياغلىشىدۇ. لېكىن بۇ ئۇرۇشلاردا ئەسكەرلەر زور قەھرىمانلىق كۆرسىتىدۇ. پىچان لۈكچۈنلۈك رەقىپ ھاجىنىڭ نەۋرىسى مۇئاۋىن لىيەنجاڭ ئابدۇرەشىت مەخسۇم بىر قىسىم ئەسكەرلەر بىلەن بىر دېھقاننىڭ ئۆيىگە يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ، تۇڭگان ئەسكەرلەرگە قاخشاتقۇچ زەربە بېرىدۇ ۋە تۇڭگانلارنىڭ بىر باشلىقى بىلەن 27 ئەسكىرىنى ئۆينىڭ ئەتراپىدا ئېتىپ ئۆلتۈرىدۇ. تۇڭگان ئەسكەرلەر باشلىقىنىڭ جەسىتىنى ئېلىش ئۈچۈن، بۇ ئۆينىڭ ئەتراپىنى قاتتىق مۇھاسىرىگە ئالىدۇ. ئەتىگەن سائەت 6 ـ 7 لەردە باشلانغان ئۇرۇش تاكى كەچ كىرگىچە داۋاملىشىدۇ. ئۆيدىكى ئەسكەرلەرنىڭ ئوقى تۈگەپ كەتكەچكە، 33 ئادەم تۇڭگانلارغا ئەسىرگە چۈشىدۇ. غالجىرلاشقان تۇڭگان ئەسكەرلەر بۇ 33 ئەسكەرنى شۇيەردىلا ئېتىپ تاشلايدۇ. تۇڭگانلاردىن 31 ئادەم ئۆلىدۇ، 6سى يارىدار بولىدۇ.

## خوجانىياز ھاجى پەيزاۋاتتا

خوجانىياز ھاجى يېڭىئاۋات ۋە قابىلىنىڭ كۆۋرۈكىدىكى ئۇرۇشلاردىن كېيىن، پەيزاۋاتنىڭ جەنۇبىدىكى چولاق كەنتى ئارقىلىق ئاپپاق خوجىغا بېرىپ، ئۇ يەردە بىر كېچە قونۇپ ئەتىسى يەنى 3 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى يەنە پەيزاۋاتقا قايتىپ كېلىپ، ئۇ يەردىكى تۇڭگان ئەسكەرلەرگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىدۇ. ئۇرۇش ئىككى يېرىم سائەت داۋاملىشىدۇ. بۇ قېتىم تۇڭگان ئەسكەرلەر بەرداشلىق بېرەلمەي قەشقەر يېڭىشەھەرگە قاچىدۇ. خوجانىياز ھاجى ئەسكەرلىرى تۇڭگانلارنى شاپتۇل يېزىسىنىڭ بازىرىغىچە قوغلاپ، ئاندىن ناھىيە بازىرىغا قايتىپ كېلىپ، ئاشلىق ئامبىرىدىن ئاشلىق، مايلارنى ئېلىپ ئاتۇش تەرەپكە ماڭىدۇ. خوجانىياز ھاجى پەيزاۋاتتا تۇرۇۋاتقان ۋاقىتتا ناھىيە ھاكىمى لى شيەنجاڭ يېڭىشەھەردىكى تۇڭگانلارغا بىر پارچە مەخپىي خەت ئەۋەتىدۇ. خەتتە «خوجانىياز ئازغىنا ئەسكىرى بىلەن پەيزاۋاتتا تۇرۇۋاتىدۇ، كېچىلەپ دەرھال كېلىڭلار، ئۇنى تۇتۇۋېلىش ئىمكانىيىتى بار» دېيىلگەن. ئەمما بۇ خەت خوجانىياز ھاجىنىڭ قولىغا چۈشكەن ئىدى. خوجانىياز ھاجى لى شيەنجاڭدىن بۇ ئەھۋالنى سورىغاندا، بۇ ئىشنى ئىللا ـ بىللا مەن قىلمىدىم، ئەگەر مەن تۇڭگانلارغا خەت يازغان بولسام ئۆلۈمگە لايىق بولاي، دەيدۇ. خوجانىياز ھاجى خەتنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويغاندا، ئۇ خەتنى كۆرۈپ يەردە

www.uyghurkitap.com

ئۆمۈلەپ تۇرۇپ «مەن خاتا قىپتىمەن» دەپ جىنايىتىگە تەن بېرىدۇ. مەخمۇت سىجاڭ چوكانيياردا تۇرۇۋاتقان مەزگىلدىمۇ تۇڭگانلارغا خەت يازدىڭ، ئۇ خەتنى موللاق دېگەن ئادەم پىيادە ئېلىپ باردىغۇ؟ دەپ سورىغاندا، بۇنىڭغىمۇ ئىقرار بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خوجانىياز ھاجى ئۆزىنىڭ يېقىن ئادىمى ھامۇتخان لۇجاڭغا لى شيەنجاڭنى بىر تەرەپ قىلىۋېتىشنى بۇيرۇيدۇ. ھامۇتخان لۇجاڭ ئاشلىق ئامبىرىنىڭ ئىچىدىلا ئۇنى ئېتىپ ئۆلتۈرىدۇ.

## ئاغۇدىكى ئۇرۇش

خوجانىياز ھاجى 1934 - يىل 3 - ئاينىڭ 3 - كۈنى پەيزاۋات ناھىيىسىنىڭ ئاشلىق ئامبىرىدىن ئاشلىق، ياغلارنى ئاتۇشقا ماڭدۇرۇپ بولۇپ، لى شيەنجاڭنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىپ، شۇ كۈنى كەچتە بىر قىسىم ئادەملىرى بىلەن خوشئاۋات، كاتتايايلاق ئارقىلىق 3 - ئاينىڭ 4 - كۈنى سۇبھى ۋاقتىدا ئاغۇغا كېلىپ، شۇ يەردە تۇرۇۋاتقان 200چە تۇڭگان ئەسكەرنى قورشىۋېلىپ، 22 ئادىمىنى ئۆلتۈرۈپ، بىرمۇنچە قورال - ياراغ، ئوق - دورا، ئاتلارنى ئولجا ئالىدۇ. قالغان تۇڭگان ئەسكەرلىرى جېنىنى ئېلىپ ئاتۇش بازىرىغا قاچىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئاتۇش بازىرىدا 800چە تۇڭگان ئەسكىرى بار ئىدى. ئۇلار ئاغۇدىكى ئەسكەرلىرىنىڭ قېچىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ دەرھال ئاغۇغا كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەتىگەندە ئۇرۇش باشلىنىپ خۇپتەنگىچە داۋاملىشىپ، ئاخىرى خوجانىياز ھاجىنىڭ قوشۇنى مەغلۇپ بولىدۇ. خوجانىياز ھاجى بىر قىسىم ئادەملىرى بىلەن ئۇلۇغچاتقا ماڭىدۇ. تۆەنجاڭ سەمەت ھاجى، نىياز دوتەي دېگەن كىشىلەر 500 ئەسكەر بىلەن تاغ ئارىلاپ چېكىنىپ كاتتايايلاقنىڭ ئايىغىغا چىقىپ، قاراڭغۇلۇق ئارقىلىق قارايۇلغۇنغا كېلىدۇ. ئۇ يەردە ئات- ئۇلاغلىرىنى تويغۇزۇۋېلىپ ئاندىن مارالبېشىنىڭ چوڭقۇرچاق يېزىسى ئارقىلىق مەكىتكە كېلىدۇ. خوجانىياز ھاجىلار ئاغۇدىكى ئۇرۇشتا تۇڭگان ئەسكەردىن 60نى ئۆلتۈرىدۇ. ئۆزىنىڭ ئەسكەرلىرىدىن 12سى ئۆلىدۇ. تۇقسۇنلۇق ئابدۇلھەمىت ئاخۇن بىر تاغ ئۈستىدە تۇرۇپ بوغاز تەرەپتىن كەلگەن تۇڭگان ئەسكەرلەرنى ئۆتكۈزمەيدۇ. ئاخىرى تۇڭگانلار ئۇنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ مۇھاسىرىگە ئېلىپ ئۇنى تەسلىم بولۇشقا مەجبۇرلايدۇ. بىراق ئۇ تەسلىم بولماي ئوقى تۈگىگىچە ئېتىشىپ قۇربان بولىدۇ. ئۇ تۇڭگانلارنىڭ ئىككى باشلىقى، 11 ئەسكىرىنى ئېتىپ ئۆلتۈرىدۇ. تۇڭگان قوشۇنىدىكى ئۇيغۇر ئەسكەرلەرنىڭ دېيىشىچە «ئۆلگەن 13 تۇڭگاننىڭ ھەممىسىنىڭ بېشىغا ئوق تەگكەنىكەن. ئەگەر ئوقى يېتەرلىك بولغان بولسا، ئابدۇلھەمىت ئاخۇننىڭ يېنىغا ھېچكىم بارالماسكەن. چۈنكى ئۇنىڭ تۇرغان يېرى ناھايىتى ئەپچىل، مۇداپىئەلىنىشكە ناھايىتى باب يەر ئىكەن» . بۇ ئەسكەر ناھايىتى ئەقىللىق، باتۇر، مەرگەن بولۇپ، ئۇششاقتالدىكى ئۇرۇشتىمۇ ناھايىتى قەھرىمانلىق كۆرسەتكەنىكەن.

تەھرىرلىگۈچى: پولات ھېمىت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# قەشقەردە ئۆتكەن ساھىب تەگبىرلەر

ئوسمان مۇھەممەدى قاراقۇتلۇق

ئىلگىرىكى زامانلاردا قەشقەردە ھەربىر ھۈنەر - كەسىپنىڭ نوپۇزلۇق يېتەكچىسى ۋە دۇئاگويى بولاتتى، ئۇلار شۇ ھۈنەر - كەسىپنى ئۆگەنگۈچىلەرگە تەگبىر دۇئا بېرىپ ئۇلارنىڭ ھۈنەرۋەن بولغانلىقىنى جاكارلايتتى، بۇنداق يېتەكچى ۋە دۇئاگويلار «ساھىب تەگبىر» دەپ ئاتىلاتتى.

ساھىب تەگبىرلەر ھۈنەر - كەسىپلەرنىڭ تارىخ - رىسالىلىرىنى بىلىدىغان ئۇقۇمۇشلۇق موللا - ئىماملار بولۇپ، ھۆرمەتكە سازاۋەر ئىدى.

19 - ئەسىردە قەشقەردە باھاۋۇدىن مەختۇم شەيخۇل ئىسلام بولغان يىللاردا يۇمىلاق شەھەر كۆلى بويىدا ئىچىدىن بىر ئېرىق سۇ ئېقىپ تۇرىدىغان ھاۋالىق بىر باغچا بولۇپ، قەشقەردىكى ئالىم - ئۆلىمالار دائىم مۇشۇ يەرگە يىغىلىپ ئىلمىي مۇساھىبە ئۆتكۈزەتتى، ھەپتىدە بىر كۈن (چارشەنبە كۈنى) ھۈنەرۋەن - كاسىپلار ساھىب تەگبىرلەردىن دۇئا ئالاتتى. بۇ بىر خىل ئىلمىي مەدەنىيەت پائالىيىتى ئىدى. بۇ پائالىيەت ئۆتكۈزۈلۈشتىن بۇرۇن، ساھىب تەگبىرلەر ئاۋۋال شەيخۇل ئىسلامدىن زىندە ئالاتتى. بۇ پائالىيەت كەسىپلەر بويىچە نۆۋەت بىلەن ئېلىپ بېرىلاتتى، يەنى بىر ھەپتىدە بىناكارلىق (تامچى، ياغاچچى) لار ساھىب تەگبىردىن دۇئا ئالسا، يەنە بىر ھەپتىسى زەرگەرلەر ياكى تۆماقچىلار دۇئا ئالاتتى.

مەلۇم بىر ھۈنەرنىڭ ئۇستىسى شۇ سورۇندا ھۈنەرنى ئۆگىنىپ بولۇپ دۇكان ئايرىيدىغان شاگىرتىغا ئات مىندۈرۈپ ياكى تون كىيگۈزۈپ (ھەركىم قۇربى يېتىشىچە)، بىر يۈرۈش ئەسۋاب - سايمان بېرىپ دۇكان ئايرىپ بېرەتتى، ساھىب تەگبىرلەرگىمۇ لايىقىدا سوۋغىلارنى بېرەتتى، بۇ ئىش ناھايىتى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلەتتى.

20 - ئەسىرگە كەلگەندە بۇخىل رەسمىيەتلەر بىراز ئاددىيلاشتى. بۇ چاغلاردا ساھىب تەگبىرلەر ھىجرىيە يېڭى يىلىنىڭ بېشىدا (مۇھەررەم ئېيىدا) ھۈنەرۋەنلەرنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن ھۈنەرۋەننىڭ ئۆيىگە ياكى كارخانىسىغا بېرىپ، شۇ ھۈنەر - كەسىپنىڭ پىر- ئۇستازلىرى ۋە رىسالىلىرىدىن ئۇچۇر بېرىپ، بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم دەپ ئوڭ قول، ئوڭ تەرەپتىن ئىش باشلاش توغرىسىدا تەلىم بېرەتتى. ئاندىن شۇ سورۇندا ساھىب تەگبىر ئورنىدىن تۇرۇپ شۇ ھۈنەرنى ئۆگەنگەن شاگىرتنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ، ئالدى - كەينىگە تارتىپ تۇرۇپ: «بۈگۈندىن باشلاپ سىز رەسمىي ئۇستا بولدىڭىز، ئاللا سىزگە مۇشۇ كەسىپتىن ھالال رىزىق ئاتا قىلسۇن، ھۈنەر - كەسىپىڭىز راۋاج تاپسۇن، بىختەر، خاتىرجەم ھۈنەر قىلىپ دۇنيادىن ئۆتكەيسىز...» دەپ ھۈنەر قىلىشقا ئىجازەت بېرىپ دۇئا قىلىدۇ، دۇئادىن ئىلگىرى ياكى كېيىن بۇ پائالىيەتكە قاتناشقۇچىلارغا

زىياپەت، ساھىب تەگبىرنىڭ ئالدىغا رەخت ياكى پۇل قويۇلىدۇ. كېيىن بۇ ھۈنەرۋەن شۇ ھۈنەر - كەسىپ ئارقىلىق راۋاج تاپسۇن ياكى باشقا ئىش قىلسۇن دۇئاگۇي ساھىب تەگبىر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئىش قىلىدۇ.

20 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا قەشقەردە مامۇتئاخۇن خەلپىتىم ئىسىملىك بىر ئۆلىما بولۇپ، ئۇ تامچى، ياغاچچىلارغا ساھىب تەگبىر بولغانىدى. ئۇ ھەققانىيەتچى كىشى بولۇپ، شېڭ شىسەي تەرىپىدىن ھەپسىگە ئېلىنىپ تۈرمىدە قەتلى قىلىنغان. ئۇنىڭدىن كېيىن ياغاچچى، تامچىلارغا نەزەرباغ يېزىسىدا ئولتۇرۇشلۇق روزىئاخۇن خەلپىتىم ساھىب تەگبىر بولغان.

روزىئاخۇن 1880 - يىلى نەزەرباغ يېزىسىنىڭ كونا نەزەرباغ مەھەللىسىدە تۇغۇلغان. ياش ۋاقتىدا بىر مەزگىل تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ بىلىملىك، نەزەر دائىرىسى كەڭ، تەرەققىيپەرۋەر كىشى بولغاچقا، 1935 - يىلى قەشقەردە قۇرۇلغان «مەدرىسە - مەسچىتلەردە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ھەيئىتى» گە قاتناشقان ۋە ھەيئەت خىزمىتى ئارقىلىق خەلققە تونۇلغان. 1936 - يىلى مەزكۇر ھەيئەت ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان-دىن كېيىن يەنە تىجارەت قىلغان. كېيىن كۇچاغا بېرىپ تىجارەت قىلغان. بۇ مەزگىلدە شېڭ شىسەينىڭ ياللانمىلىرى تەرىپىدىن (تارىخىي جىنايىتى بار، قەشقەردە تەشكىلگە قاتناشقان دېگەن بەدنام بىلەن) 1937 - يىلى ھەپسىگە ئېلىنغان ۋە شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئۈرۈمچىگە ئېلىپ بېرىلىپ تۈرمىگە قامالغان. تۈرمىدە غۇلجىدىن ئېلىپ كېلىنگەن ئېلىخان تۆرە بىلەن بىر كامىردا ياتقان. ئۇلار شۇ دەۋردىكى ئېتىقادلىق، خەلقپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەردىن بولغاچقا، دېموكراتىيە، خەلق ھوقۇقى، ئىلىم - پەن، مائارىپ، تىبابەتچىلىك توغرىسىدا پىكىر ئالماشتۇرۇپ تۇراتتى. . .

1941 - يىلى روزىئاخۇن خەلپەت ئېلىخان تۆرىلەر بىلەن بىللە تۈرمىدىن بوشىتىلغان، ئۇ ئېلىخان تۆرىلەر بىلەن بىللە غۇلجىغا بارغان. كېيىن يەنە قەشقەرگە قايتىپ كەلگەن ۋە كونا نەزەرباغ مەھەللىسىدىكى مەسچىتكە ئىمام بولغان ۋە قوشۇمچە تىجارەت قىلغان، كېيىن كۇچارغا بارغان. 1948 - يىلى كۇچادا ۋاپات بولغان.

روزى ئاخۇن خەلپىتىم كۇچاغا كەتكەندىن كېيىن، تامچى، ياغاچچىلارغا ئابدۇراخمان ئىمام ئاخۇنۇم ساھىب تەگبىر بولغان. بۇ كىشى كۇدۇڭ ئىمام ئاخۇنۇم دېگەن نام بىلەن داڭق چىقارغان. ئۇ 1882 - يىلى تۇغۇلغان، 1967 - يىلى ئۆز ئۆيىدە ۋاپات بولغان. ئۇ ئىجتىھاتلىق، قىزغىن ئادەم بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان.

تۆمۈرچىلەرنىڭ ساھىب تەگبىرى ياسىن قازى ئاخۇنۇم ئىدى. ياسىن قازى ئاخۇنۇم 1917- يىلى قەشقەر شەھىرىنىڭ ئەلگەكچى كوچىسىدا تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئاتىسى ئۇقۇمۇشلۇق دىنىي زات بولۇپ، كىچىكىدە دادىسىدىن تەلىم ئالغان، كېيىن قەشقەردىكى ساقىيە مەدرىسەسىدە ئوقۇپ يۇقىرى مەلۇماتقا ئېرىشكەن. گومىنداڭ دەۋرىدە يېڭىشەھەر ناھىيىسىگە قازى بولغان. 1950 - يىللاردىن كېيىن قەشقەردىكى ساقىيە مەدرىسەسىگە مۇدەررىس بولغان. ياسىن قازى ئاخۇنۇم ئائىلە قىرائەتخانىسىدا ئەجدادلىرىدىن قالغان ۋە

(ئاخىرى 53 - بەتتە)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# يولۋاس بىلەن بىللە بولغان كۈنلىرىم

ھەسەن بارات



مەن 1913 - يىلى قومۇل شەھىرىنىڭ شەھەرئىچى يېزا ساڭخىي مەھەللىسىدە دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلدۇم. ئۆسمۈرلۈك چېغىمدا شەھەر ئىچىدىكى ماسى قارىدا دىنىي تەلىم ئالدىم. بىز ئۈچ ئوغۇل بولۇپ، مەن ئوغۇللارنىڭ كىچىكى ئىدىم.

1931 - يىلى ئەتىياز قومۇل خەلقىنىڭ جىن شۇرېنغا قارشى دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىدى. ئىنقىلاب كۈنسايىن ئۇلغىيىپ، ئاخىرىدا پۈتۈن شىنجاڭنى ئۇرۇش ئوتى قاپلاپ كەتتى. 1933- يىل 3 - ئايدا خوجانىياز ھاجى تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ رەھبىرى مەخسۇت مۇھىتىنىڭ تەكلىپى بىلەن قومۇل پىدائىيلىرىنى باشلاپ تۇرپانغا ماڭغاندا 2- ئاكام ئىبلاخۇنمۇ قوشۇن بىلەن تۇرپانغا بارغان. قوشۇن پىچاننىڭ لۈكچۈن ۋاڭى سېپىلى ئىچىگە كىرگەندە قورشاۋدا قالغان، ئۇلار قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىۋاتقاندا ئاكام ئىبلاخۇنغا ئوق تېگىپ شېھىت بولۇپ كەتكەن. چوڭ ئاكام نىياز سوپىنى يولۋاس تۇرپانغا ماڭغاندا ئۆزىگە كاتىپ قىلىپ ئېلىپ كەتكەن. 1933- يىل 5- ئايدا ما جۇڭيىڭ 2- قېتىم شىنجاڭغا كىرىپ، قومۇلدىن ئەسكەر ئالغاندا مەنمۇ مەجبۇرىي ئەسكەرلىككە تۇتۇلۇپ، گۇچۇڭ ئۇرۇشىغا قاتناشتىم. ئۇرۇشتا ما جۇڭيىڭنىڭ ئىنىسى ما جۇڭجىنىڭ سېپىلغا يامىشىپ چىقىۋاتقاندا ئوق تېگىپ يىقىلىپ چۈشكەنلىكىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەنىدىم. گۇچۇڭ ئۇرۇشى بەك دەھشەتلىك بولدى. سېپىل تۈۋىگە ئۆلۈكلەر دۆۋىلىنىپ كەتتى. ماجۇڭيىڭ ئاخىرى گۇچۇڭ شەھىرىنى ئالدى. شەھەر ئىچىدىكى سۇلار قىپقىزىل قان بولۇپ ئاقتى. گۇچۇڭ ئۇرۇشىدىن كېيىن مەن يولۋاسنىڭ يېنىدا كاتىپلىق قىلىۋاتقان ئاكام نىياز سوپىنى تاپتىم. كېيىن يولۋاس تۇرپانغا چېكىنگەندە مەنمۇ ئاكام بىلەن بىللە تۇرپانغا باردىم. ماجۇڭيىڭ يولۋاسنى شەھەر مۇداپىئە قوماندانى



قىلىپ تەيىنلىدى. 1934- يىلى يازدا ما جۇڭيىڭ شىڭ شىسەي ۋە سوۋېت ئارمىيىسى تەرىپىدىن مەغلۇب قىلىنىپ جەنۇبىي شىنجاڭغا چېكىنگەندىن كېيىن، يولۋاسمۇ ئۆزىگە قاراشلىق قىسىملارنى ئېلىپ قومۇلغا قايتقاندا مەنمۇ ئاكام بىلەن بىللە قايتتىم.

1934- يىلى يولۋاس قومۇلغا كېلىپ گارنىزون قوماندانى بولۇپ، قومۇلنىڭ بەش شەھەر، ئون ئىككى تاغدىن ئەسكەر قوبۇل قىلدى. يولۋاسنىڭ «بىر ئائىلىدە ئىككى ئوغۇل بولسا بىرى چوقۇم ئەسكەر بولۇش كېرەك» دېگەن بۇيرۇقى بويىچە مەن يولۋاسقا ئەسكەر بولدۇم، ئاكام ئاتا- ئانامنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن ئۆيگە قايتتى.

يولۋاس تۇرپاندىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن كونا ئەسكەرلەر بىلەن يېڭى ئېلىنغان ئەسكەرلەرنى بىر پولك قىلىپ تەشكىللەپ، ئۇنىڭغا دۆۋەجىن يۇقىرى مەھەللىلىك تۆمۈرنىيازنى تۇەنجاڭ، راھەتباغ چوڭتۇرلۇق توختىئەمەتنى مۇئاۋىن تۇەنجاڭ قىلىپ تەيىنلىدى. تۇەن قارىمىقىدا ئۈچ ليەن بولۇپ، 1 - ليەن ئاتلىق ليەن ئىدى، ئۇنىڭ ليەنجاڭى قورايلىق قادىر تۆلەن، 2 - ليەننىڭ ليەنجاڭى ئاراتاقيەرلىك ئىسمائىل، 3 - ليەننىڭ ليەنجاڭى شەھەرئىچى سۇقوۋۇقلۇق ئىسمائىل تورپاق ئىدى. ئۈچ ليەندە 300دىن ئارتۇق ئەسكەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر ئىدى. ھەر بىر ليەندە ئۈچتىن پەي بار ئىدى. مەن 1 - ئاتلىق ليەندە ئىدىم. بۇ ليەندىكى 1 - پەينىڭ پەيجاڭى قورايلىق ئابدۇراخمان، 2 - پەينىڭ پەيجاڭى چوڭتۇرلۇق سوپى، 3 - پەينىڭ پەيجاڭى قاراتاللىق سايىم ئىدى. مەن 1 - بەننىڭ بەنجاڭى ئىدىم. مۇئاۋىن بەنجاڭ پالۋانتۇرلۇق سالى قارى ئاخۇنۇم ئىدى. بىزگە راھەتباغ شۇمشۇقلۇق خەنزۇچە بىلىدىغان قاسىم ھەربىي تەلىم بېرەتتى. ئەسكەرلەر ئۇ كىشىنى قاسىم جاۋليەن دەپ ئاتايتتى.

1937 - يىل 4- ئاينىڭ 15 - كۈنى شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىدە ئۆزگىرىش بولدى. بىزنىڭ تۆمۈرنىياز تۇەنجاڭ كانۋيى ئىسھاق ئاخۇن ۋە ھەربىي لاۋازىمەت مۇدىرى لى شىزەي (خۇيزۇ، ئىلگىرى ماجۇڭيىڭغا ئەسكەر بولغان) يولۋاسنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئارايۇلتۇزغا بارغاندا، تۆمۈرنىياز تۇەنجاڭ بىلەن لى شىزەي قەستكە ئۇچرايدۇ. بەختكە يارىشا دۆۋەجىن غولئېرىقلىق ئىساقئاخۇن ئامان قالىدۇ. بۇ ۋەقەدىن كېيىن يولۋاس مۇھاپىزەتچىلىرىدىن راھەتباغ دۆشتۇرلۇق ئىبراھىم فۇگۇەن، قورايلىق غەلمەت فۇگۇەن، راھەتباغ دۆشتۇرلۇق ھەمدۇل فۇگۇەنلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا خوتۇن - بالىلىرىنى ئېلىپ راھەتباغ تۆۋەنتۇرلۇق ھادى پالۋاننىڭ يول باشلىشى بىلەن مۇئاۋىن تۇەنجاڭ توختامەتنىڭ باشچىلىقىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ ھىمايىسىدە قومۇلدىن ماشىنا بىلەن يولغا چىقىپ خوتۇنتام ئارقىلىق يالغۇز تۇيۇمغا بارغاندا ھاشىم ھاجىلار ئالدىمىزنى توستى. ھاشىم ھاجى ئەسلىدە سوۋېت ھۆكۈمىتى 1935 - يىل 5- ئايدا شىڭ شىسەيگە ياردەمگە ئەۋەتكەن ئۈچ ھاجى (سېيىت ھاجى، قادىرھاجى) نىڭ بىرى بولۇپ، قومۇل ۋىلايەتلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان. بىز ھاشىم ھاجىلار بىلەن بىر قەپەس ئۇرۇشتۇق. ھادى پالۋان ئۆزىنىڭ ئۇستا مەرگەنلىك ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ ھاشىم ھاجىنىڭ نۇرغۇن ئادىمىنى قىرىۋەتتى. ئەگەر ھادى پالۋان بولمىغان بولسا ھاشىم ھاجى بىزنى تۇتۇپ كەتكەن بولاتتى. بىز قامالنى

بۆسۈپ چىقىپ تاشۋىلىقتا بىرىپ ئاندىن يەنە خوتۈنتامغا قايتىپ كەلدۇق. يۇتكۇل يوللارنى شىلڭ شىسەينىڭ ئەسكەرلىرى قامال قىلىۋالغانىدى. يولۋاس مۇئاۋىن تۇەنجاڭ توختامەتكە: «سىلەر بىر قىسىم ئەسكەرنى ئېلىپ قومۇلغا قايتىپ بىرىپ قورالىلىرىڭلارنى تاپشۇرۇپ بىرىڭلار، سىلەرگە ھىچ ئىش بولمايدۇ» دەپ ئۇلارنى قايتۇرۇۋەتتى. بىز يەنە بىر قىسىم ئەسكەرلەرنىڭ ھىمايىسىدە خوتۈنتامدىن قىرچوماق غولغا بىرىپ، ئادەم ۋە ئۇلاغلارنى خىللاپ باغداشقا بارغاندا يولۋاس ئۆزىنىڭ ئۈچ فۇگۇەندىن باشقا ھادى پالۋان، ئەسكەرلەردىن ئويۇپ فۇگۇەن (قورايلىق)، ئابدۇللاخۇن (شەرىچىلىك)، قاسىم (قەشقەرلىك)، بەرەم (ئاراتۇرك تۈركۈللۈك)، ئەمەت (روزى دەيمۇ ئاتىلىدۇ، قازاق، شارلار تىغىدىن)، غوجامنىياز (قاراتاللىق، يولۋاسنىڭ كۇتكۇچىسى)، لەيۇڭقارى (ئەسلى ئىسمى ئېنىق ئەمەس، قاراتاللىق نەجمىدىن دىھقاننىڭ ئوغلى) ۋە مەن قاتارلىق ئەسكەرلەرنى تاللىۋىلىپ قالغان ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسىنى قايتۇرۇۋەتتى. ئۇلارغا «سىلەرمۇ كىتىڭلار، قوراللىرىڭلارنى تاپشۇرۇپ بىرىڭلار، سىلەرگە ھىچ ئىش يوق، مىنى سورىسا، كەتتى، دەڭلار» دەپ ئۇلارنىمۇ قايتۇرۇۋەتتى. يولۋاس ھەر بىرىمىزگە ئىككىدىن ئات بەردى، باغداشنىڭ بوجاڭى يول بىلىدىغان بىر بوۋاينى تىپىپ كەلدى. بۇ بوۋاي بىزنى ئاراتام بىلەن قاراقاپچىن ئارىلىقىدىكى ئەجىگى غول دەپ ئاتىلىدىغان غول بىلەن باشلاپ ماڭدى. بىر داۋاندىن ئېشىپ تۈزلەڭلىككە چۈشسەك، شەرقىي جەنۇب تەرىپىمىزدە ئايرودروم، شەرقىي شىمال تەرىپىمىزدە ئاراتام، غەربىي جەنۇبىي تەرىپىمىزدە قومۇل، غەربىي شىمال تەرىپىمىزدە قاراقاپچىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. بوۋاي بىزنى ئاراتامنىڭ ئاستى، ئايرودرومنىڭ ئۈدۈل ئۈستىدىكى ئېقىنغا ئېلىپ چۈشۈپ «ئەمدى مەن سىلەرنى تونۇمايمەن، سىلەرمۇ مىنى كۆرمىگەن بولۇڭلار» دەپ كىتىپ قالدى. بىز ئېقىننى بويلاپ جەنۇبقا كىتىۋىتىپ، قومۇلدىن خوتۈنتام ۋە ئاراتامغا چىقىپ كىتىۋاتقان شىلڭ شىسەينىڭ ماشىنىلىق ئەسكەرلىرىنى كۆردۇق. ئۇلار «داداۋ ياۋزىي (ئوغرى يولۋاسنى يوقىتايلى)» دەپ شۇئار توۋلىغان پېتى ئۆتۈپ كەتتى. بىز ماشىنىلارنى كۆرگەن ھامان ئاتلاردىن چۈشۈپ مۆكۈنىۋالاتتۇق. ماشىنىلار ئۆتۈپ كەتسە يەنە ماڭاتتۇق. تاڭ يورۇشقا يېقىن ساۋۇلاقتىكى يارى دورغىنىڭ كارىزىغا كەلدۇق. بۇ يەردىكى ئادەملەر بىزگە نەچچە تونۇر نان يېقىپ قويغان ئىكەن. نانلارنى خۇرجۇنلارغا قاچىلاپ يەنە داۋاملىق چۆل - جەزىرىلەرنى كىزىپ مىڭىپ، ئەتىسى كۈن ئۆرلىگەن چاغدا جىگدە بۇلاققا يىتىپ كەلدۇق. بۇ يەردە بىر قورۇل بار بولۇپ، يولۋاسقا قاراشلىق قورۇل ئىدى. يولۋاس قورۇلدىكىلەرگە «ئەمدى سىلەرمۇ كىتىڭلار، قومۇلنىڭ ئىشى تۈگىدى» دەپ ئۇلارنىمۇ قايتۇرۇۋەتتى. ھادى پالۋان «يەنە ئازراق ماڭساق قاشقا بارىمىز، ئۇ يەردە توغراقلىق ۋە بۇلاق بار. توغراقلىققا كىرىۋالساق بىزنى ھىچكىم كۆرەلمەيدۇ، ئۇلاغلارنى دەم ئالدۇرۇپ داۋاملىق ماڭساق ئەپيۇن توشۇيدىغان خىچىرىيولى بىلەن دۇنخۇاڭغا كىرىپ كىتىمىز» دىدى.

بىز توغراقلىققا كىرىپ، بىر توپ توغراقنىڭ تۈۋىگە چۈشۈپ ئاتلارنى سۇغارغىلى بۇلاققا بارساق غەرب تەرەپتىن پالاق-پۇلۇق

ئاۋاز ئاڭلاندى. بىز دۆڭدىن ئارتىلىپ چۈشسەك، ئىبراھىم فۇگۇەن، غەلمەت فۇگۇەن ۋە لەپۈڭقارى قاتارلىق تۆت ئادەم بىزدىن ئىلگىرى ئاتلىرىنى سۇغارغىلى بۇلاققا بېرىپ، ئەتراپتا ئادەم يوقلۇقىدىن پايدىلىنىپ، لەپۈڭقاردىن باشقا ئۈچەيلەن قومۇلغا قاراپ قاچقان ئىكەن. يولۋاسنىڭ چوڭ ئوغلى نىيازبەگ پىلىموتتىن ئۇلارغا ئوت ئاچتى. ھادى پالۋان «ئاتمىسىلا، ئۇلار كەتسە كېتىۋەرسۇن، بىز يولىمىزغا مېڭىۋېرەيلى» دەپ توسۇپ قالدى. لەپۈڭقارى قاچماي قايتىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن يولۋاس ئۇنىڭدىن گۇمانلىنىپ، مايكا، كالتا ئىشتانلىرىدىن باشقا كىيىملىرىنى سالدۇرۇۋېلىپ، ئاچچىقسۇغا بارغاندا ئاندىن ئۇنى قايتۇرۇۋەتتى. كېيىن ئاڭلىساق ئۇ يولدا ئوت-چۆپلەرنى يەپ يەتتە كۈن دېگەندە قاراتالغا يېتىپ بېرىپتۇ.

ھادى پالۋان«ئەمدى تېز ماڭمىساق بولمايدۇ، بىزنى قوغلاپ بوغاز، قاراتال ۋە ئارايۇلتۇز تەرەپتىن ئەسكەر كېلىپ قېلىشى مۇمكىن، ئۇ ھالدا قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىمىز» دەپ مېڭىشقا ئالدىراتتى. شۇنىڭ بىلەن يەنە داۋاملىق ئىلگىرىلەپ قۇم بارخانلىرىدىن ئېشىپ ئاچچىقسۇغا يېتىپ باردۇق. ھادى پالۋان«مۇشۇ يەردە بىر ئويمانلىق بار، ئاتلارنى سۇغىرىپ ئازراق دەم ئېلىپ، ئالدىمىزدىكى قىردىن ئاشساق قۇمتاغقا يېتىپ بارىمىز، ئۇ يەردە ھەممە نەرسە بار» دېدى. بىز قۇمتاغنىڭ يېرىمىغا بارغاندا بىر ئايروپىلان پەس ئۇچۇپ كەلدى. بىز ئايروپىلان كەلسە ئاتتىن چۈشۈپ يېتىۋېلىپ، ئۆتۈپ كەتسە يەنە داۋاملىق ئىلگىرىلىدۇق. لېكىن ئىككى كۈن بولغاندا ھېلىقى ئايروپىلان زادى ماڭغىلى قويمىدى. شۇنىڭ بىلەن كېچىسى يول مېڭىپ، كۈندۈزى توغراقلىققا يوشۇرۇنۇپ يۈرۈپ ئاران دېگەندە قۇمتاغقا يېتىپ كەلدۇق. بۇ يەر تەكلىماكاننىڭ بىر چېتى بولۇپ، ياۋا تۆگە، قۇلان قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلار ناھايىتى كۆپ ئىكەن. ئىلگىرى ھادى پالۋان بۇ يەرلەرگە كېلىپ ئوۋچىلىق قىلغانىكەن.

قۇمتاغقا كىرگەندىن كېيىن ئايروپىلاننىڭ پاراكەندىچىلىكىدىن پۈتۈنلەي قۇتۇلدۇق. لېكىن يەپ - ئىچىدىغىنىمىز تۈگەپ كېتىپ ناھايىتى قىيىن ئەھۋالدا قالدۇق. بۇ يەرگە پىششىق ھادى پالۋان يەنە«مۇشۇ تاغدىن ئاشساق يۇلغۇنلۇق شېغىرتما بار، شۇ يەردە سۇ بار» دەپ شۇ يەرگە باشلاپ باردى. ئاتلارنىڭ پۇتى يەرگە پېتىپ قالدى، لېكىن سۇ يوق ئىدى. ھادى پالۋان شېغىرتمىنى كولىۋىدى شۇ زامانلا سۇ چىقتى. ئۇ يەردىن چىقىپ بىر چولاق سوقما بار، سۇمۇ بار بىر يەرگە بارغاندا ھادى پالۋان يولۋاسنىڭ 2- ئوغلى ياقۇپ بەگ ۋە ئويۇپ فۇگۇەن(يولۋاس بۇ كىشىنى ئىبراھىم فۇگۇەن قاتارلىق ئۈچ كىشى قېچىپ كەتكەندىن كېيىن ئۆزىگە فۇگۇەن قىلىۋالغان) لەرنى ئېلىپ ئوۋ قىلغىلى كېتىپ بىردەمدىلا بىر قۇلاننى ئېتىپ ئاتقا ئارتىپ كەلدى. قازىنىمىز بولمىغاچقا قۇرۇق توغراققا ئوت قويۇپ قۇلان گۆشىنى كاۋاپ قىلىپ يېدۇق. قالغان گۆشنى خۇرجۇنغا سېلىپ يەنە داۋاملىق يول يۈردۇق. ئىككى كۈن ئىچىدە ئاسماندىكى ئۇچار قۇشتىن باشقا ھېچقانداق جانلىق ئۇچرىمىدى. 2- كۈنى كەچتە يەنە بىر قۇم تاغقا يېتىپ باردۇق، قۇمتاغ سېرىلىپ تۇرىدىكەن. بەك چارچاپ كەتكەنلىكىمىزدىن ئۆزىمىزنى ئېتىپ ئۇيقۇغا كەتتۇق. يېرىم

www.uyghurkitap.com

كېچە بولغاندا قۇلىقىمغا ئەزەن ئاۋازى، توخۇلارنىڭ چىللىغان، ئىتلارنىڭ ھاۋشىغان ئاۋازى ۋە ناغرا-سۇنايلارنىڭ ئاۋازلىرى ئاڭلاندى. مەن ھادى پالۋاندىن «ھادى ئاكا بۇ نېمە ئىش» دەپ سورىسام ئۇ كۈلۈپ «بۇ يەر بىر زامانلاردا تىلسىم قىلىۋېتىلگەن يەر ئىكەن، بۇ ئاۋازلار شۇ يەردىن كېلىۋاتىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى. بۇ يەردىن داۋاملىق جەنۇبقا ئىلگىرىلەپ قەدىمكى زامانلاردا قومۇل، قارادۆۋە، لاپچۇق قاتارلىق يۇرتلارنىڭ سۈيى ئېقىپ بارىدىغان بىر غارغا باردۇق. غاردا تۇرنا، غاز قاتارلىق تۈرلۈك-تۈمەن قۇشلار بار ئىكەن. بۇ يەردىنمۇ ئۆتۈپ ئۇچۇق تۇزلەڭلىككە چىقىپ قۇمتاغنى بويلاپ ماڭدۇق. ئۇسساپ ھېچ ھالىمىز قالمىغاندا قۇلان گۆشىنى ئاغزىمىزغا سېلىپ ئۇسسۇزلۇقنى باستۇق. ئىككى كۈندىن كېيىن بەيخۇلۇ دېگەن قۇمۇشلۇققا يېتىپ باردۇق. بۇ يەر دۇنخۇاڭنىڭ چېگرىسى بولۇپ، سۇ جەنۇبتىن شىمالغا ئاقىدىكەن. ھادى پالۋان «ئالدىمىزدا بىر غول بار، غولدىن ئۆتسەك قۇمۇشلۇق بار، ئۇ يەردە تېرىقچىلىق قىلىدىغان پۇقرالار بار» دېدى. ھەقىقەتەن غولدىن ئۆتۈپلا بىر توپ تۆگىنى كۆردۇق. تۆگە باققۇچىدىن «بۇ كىمنىڭ تۆگىلىرى» دەپ سورىۋىدۇق «دىخوتاڭ (بىر باي خۇيزۇ كارۋان بېشىنىڭ ئىسمى) نىڭ تۆگىلىرى، بىز شىنجاڭغا چاي ئېلىپ ماڭدۇق» دەپ جاۋاب بەردى. باشلىقىنى سورىساق شىمال تەرەپنى شەرەت قىلىۋىدى، ئۇ يەرگە بارساق نۇرغۇن چاينى دۆۋىلىۋېتىپتۇ. يولۋاس دىخوتاڭ بىلەن كۆرۈشۈپ «سىلەر شىنجاڭغا چىقماڭلار، چىقساڭلار شېڭ شىسەي بارلىق نەرسە-كېرەكلىرىڭلارنى تارتىۋالىدۇ» دېدى. بىز

ئۇلارنىڭ يېنىدا بىر كۈن تۇردۇق. بىز تېرىلغۇ يەرلەرنى بويلاپ داۋاملىق مېڭىپ بىر جاڭزىغا بارساق ئادەم يوق ئىكەن، يەنە ئىلگىرىلەپ قويۇق تاللىق جايغا كېلىپ چۈشتۇق. ھادى پالۋان بىر دانە يامبۇنى ئېلىپ ئادەم بار تەرەپكە كېتىپ بىر ھازادىن كېيىن يۇرتنىڭ شاڭيوسى باشلىق 20-30 ئادەمنى باشلاپ كەلدى. يولۋاس شاڭيو بىلەن كۆرۈشۈپ بۇ يەرگە كېلىش سەۋەبىنى ئېيتتى. شاڭيو ئەھۋالنى ئۇقۇپ، ھورنان، پۇرچاق، مېۋە-چېۋە قاتارلىق يېمەكلىكلەرنى ئەكىلىپ بەردى ۋە بىر نەچچە قوينى سويۇپ يەڭلار دەپ تاشلاپ كەتتى. ھاردۇقىمىز چىققاندىن كېيىن ھادى پالۋان يولۋاسقا دۇنخۇاڭغا بېرىپ يۇرت چوڭلىرىغا ئەھۋالنى مەلۇم قىلىش مەسلىھەتىنى بېرىۋىدى، يولۋاس قوشۇلۇپ، بۇ ئىشقا ھادى پالۋاننىڭ ئۆزىنى ئەۋەتتى. ھادى پالۋان 20 كۈندىن كېيىن بىر تۇەنجاڭنىڭ باشچىلىقىدا 20 خۇيزۇ ئەسكەرنى باشلاپ كەلدى. تۇەنجاڭ ما بۇفاڭنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى ئىكەن. يولۋاس ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ «ھەر بىرىمىزدە ئۈچتىن قورال (تاپانچا، پىلىموت، مىلتىق) بار، بۇلارنى سىلەرگە تاپشۇرۇپ بېرىمىز» دېۋىدى، ھېلىقى تۇەنجاڭ «بىزگە يۇقىرىدىن بۇ ھەقتە بۇيرۇق يوق، قورallarنى يەنىلا ئۆزەڭلەر ساقلاڭلار» دەپ ئۇنىمىدى. يولۋاس ئاخىرى «بارلىق ئاقىۋەتكە ئۆزۈم مەسئۇل، قورallarنى بىزگە ساقلاپ بەرسەڭلەرلا بولىدۇ» دەپ ئۇلارنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قارىماي قورallarنى ئۆتكۈزۈۋەتتى. بىز ھېلىقى تۇەنجاڭنىڭ يول باشلىشى بىلەن 20 يول (10 كىلومېتىر) مېڭىپ شەھەرگە كىردۇق. يولنىڭ بىر تەرىپىدە ئەسكەرلەر، يەنە بىر تەرىپىدە ئەمەلدارلار قاتار تىزىلىپ

بىزنى قارشى ئالدى.

قومۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىدىن ئىلگىرى دۇنخۇاڭغا بېرىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان پىچانلىق ئايۇپ شاڭيو دۇنخۇاڭدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان 20 نەچچە ئائىلىك ئۇيغۇر ۋە خۇيزۇغا شاڭيو ئىكەن. ئەمەلدارلار بىزنى ناھىيىلىك يامۇلغا، ئەسكەرلەر گارنىزون شتابىغا ئورۇنلاشتۇرىمىز دېگەن بولسىمۇ لېكىن ئاخىرىدا بىز ئايۇپ شاڭيونىڭ قورۇسىغا چۈشتۇق. شۇ چاغدا دۇنخۇاڭ چىڭخەيگە قارايدىكەن. بىزنىڭ ئەھۋالىمىز چىڭخەيدىكى مابۇفاڭغا تېلېگرامما ئارقىلىق مەلۇم قىلىنغاندىن كېيىن ما بۇفاڭ «قومۇلدىن كەلگەنلەرنى جيۇچۈەنگە ئېلىپ كېلىڭلار، مەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا ماشىنا ئەۋەتىمەن» دەپ جاۋاب قايتۇرۇپتۇ. يولۋاسنىڭ ئىلگىرى ما بۇفاڭ بىلەن خۇسۇسىي سودا ئالاقىسى بار ئىدى. بىزنى غوجى ھاجى (شائىر ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ دادىسى، قومۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىدا قېچىپ بارغان ئىكەن. كېيىن قومۇلغا قايتىپ چىقىپ ئالەمدىن ئۆتتى)، زەيدىن ئاخۇن (كۆچالىق سودىگەر بولۇپ، بىز بېرىپ ئۇزۇن ئۆتمەي جيۇچۈەندە ۋاپات بولۇپ كەتتى)، ھەبىيبىر ئاخۇن (تۇرپانلىق سودىگەر بولۇپ، بىز چىڭدۇدىن قايتىپ چىقىۋاتقاندا جيۇچۈەندە ۋاپات بولۇپ كەتتى) قاتارلىق كىشىلەر بىزنى قوي سويۇپ، پولو ئېتىپ ناھايىتى ياخشى كۈتۈۋالدى. بىز غوجى ھاجىلار بىلەن جيۇچۈەنگە بېرىپ ئۇلارنىڭ دۇڭگۇەن دەپ ئاتىلىدىغان خۇيزۇلار مەھەللىسىدىكى قورۇسىغا چۈشتۇق. بىز جيۇچۈەنگە بېرىپ 21 كۈندىن كېيىن ئىككى ماشىنا كەلدى. يولۋاس خوتۇنى بىلەن بىر ماشىنىغا، بىز بىر ماشىنىغا چىقىپ گاۋتەيگە باردۇق ئۇ يەردىمۇ بىزنى ناھايىتى ياخشى كۈتۈۋالدى. لياڭجۇغا بارغاندا يۇرت چوڭلىرى ئالدىمىزغا چىقىپ كۈتۈۋالدى، ئۇ يەردىمۇ بىر كېچە قونۇپ ئەتىسى پىڭلياڭغا بېرىپ بىر كۈن تۇردۇق. ئۇ يەردىن چىقىپ يېرىم كۈندە بىر كۆۋرۈككە يېتىپ كەلدۇق. بۇ كۆۋرۈك ناھايىتى مۇھىم ئورۇنغا جايلاشقان بولۇپ، كۆۋرۈك بولمىسا ئۇياق - بۇياققا ئۆتۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇ يەردە خېكۇ دەپ بىر توساق بار بولۇپ، ئۆتكەن - كەچكەن ماشىنىلارنى قاتتىق تەكشۈرىدىكەن. يولۋاس ئۇلارغا چىڭخەيدىن كەلگەن تېلېگراممىنى كۆرسەتكەندىن كېيىن يەنە ئىشىنەلمەي چىڭخەيگە تېلېفون قىلغاندىن كېيىن «ئۆتكۈزىۋېتىڭلار» دېگەن خەۋەر كەلدى بولغاي، ئۆتكۈزىۋەتتى. بۇ توساقنىڭ باشلىقىمۇ مابۇفاڭنىڭ بىر تاغىسىنىڭ ئوغلى ئىكەن. بىز يولغا چىقىپ چۈش ۋاقتى بولغاندا بىر تۈزلەڭلىككە كەلدۇق. چىڭخەي ئايرودرومىغا كەلگەندە چىڭخەينىڭ ھەربىي - مەمۇرىي ئەمەلدارلىرى ئالدىمىزغا چىقىپ كۈتۈۋالدى. يولۋاس يىراقتىنلا ماشىنىدىن چۈشۈپ پىيادە ماڭدى. مابۇفاڭمۇ يولۋاسنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. مابۇفاڭ بىلەن يولۋاس قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ كۆپچىلىككە ئېھتىرام بىلدۈردى.

بىز ھاردۇق تامىقى يەپ بولغاندىن كېيىن مابۇفاڭ، يولۋاسلار بىلەن بىللە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە باردۇق. مابۇفاڭ شۇ چاغدا گومىنداڭ قىسىملىرىنىڭ چىڭخەيدە تۇرۇشلۇق 82- كورپۇسىنىڭ كوماندىرى ۋە چىڭخەي ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى ئىكەن. بىز بارغان كۈنى دەل مابۇفاڭنىڭ ئوغلىنىڭ توي كۈنى ئىكەن. تويغا ھەر ساھە، ھەر مىللەتتىن نۇرغۇن ئادەم كەلگەنىكەن. بىزمۇ ئىككى دانە چوكا ئالتۇننى سوۋغا قىلدۇق. يولۋاس مابۇفاڭغا ئەھۋالنى

www.uyghurkitap.com

تونۇشتۇرغاندىن كېيىن بىزنى ياتاققا ئورۇنلاشتۇردى. ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتكەندە مابۇفاڭ جياڭ جيېشىغا تېلېگرامما يوللىدى. 20 كۈندىن كېيىن جياڭ جيېشىدىن لەنجۇغا كېلىش توغرىلىق جاۋاب كەلدى. يولۋاس ئويۇپ فۇگۇەن بىلەن سوپى فۇگۇەننى ئېلىپ لەنجۇغا كەتتى. ئارىدىن ئۈچ ئاي ئۆتتى، يولۋاستىن خەۋەر يوق. مابۇفاڭ بىزنى جۇجيا خۇايۇەن دېگەن شەخسىي بېغىغا ئورۇنلاشتۇردى. چىڭخەينىڭ دولىيە دېگەن ناھىيىسىدە ئىلگىرى بېرىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان قازاقلار بار ئىكەن. ئۇلار بىزنىڭ كەلگەنلىكىمىزنى ئاڭلاپ تەيجىلىرى باشلىق 40 تەك ئادەم 20-30 قوينى ئېلىپ بىزنى يوقلاپ كەلدى. يولۋاسنىڭ ئوغۇللىرى ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ دادىسىنىڭ نەنجىڭغا كەتكەنلىكىنى ئېيتتى. تەيجىلەر بىزدىن خەۋەر ئېلىشقا ئالتە ئادىمىنى قالدۇرۇپ «يېمەك-ئىچمەك، گۆش ۋە باشقا نەرسە لازىم بولسا بىزگە دەڭلار» دەپ خوشلىشىپ قايتىپ كەتتى. بىز چىڭخەيدە تۇرۇپ بىر يىل بولغاندا ئاندىن يولۋاستىن خەۋەر كەلدى. 1938 - يىلى جياڭ جيېشى يولۋاسقا گېنېرال لېيتېنات دەرىجىلىك مەسلىھەتچى (جۇڭجياڭ سەنيى) مەنسىپىنى بېرىپتۇ. يولۋاس خوتۇن - بالىلىرى ۋە فۇگۇەنلىرىنىڭ چىڭخەيدە قالغانلىقىنى ئېيتقاندىن كېيىن، بىز ھەممىمىزنى نەنجىڭغا يولغا سېلىۋېتىش توغرىلىق مابۇفاڭغا تېلېگرامما يوللىغانىكەن. شۇڭا مابۇفاڭ بىزنى ماشىنا بىلەن يولغا سېلىپ قويدى. لەنجۇغا بېرىپ 20 كۈن تۇرۇپ قالدۇق، ئۇ يەردىمۇ ئۇيغۇرلار كۆپ ئىكەن، بىزنى ناھايىتى ياخشى كۈتۈۋالدى. ئۇ يەردىن ئاپتوبۇس بىلەن باۋجىغابارىدۇق. شۇ ۋاقىتتا تۆمۈر يول باۋجىغا يېتىپ كەلگەنىكەن. ئۈچ كۈندىن كېيىن پويىز بىلەن نەنجىڭغا قاراپ يولغا چىقتۇق. قومۇلغا نىسبەتەن بىز تۇنجى قېتىم پويىزغا ئولتۇرغانلار ھېسابلىناتتۇق كېرەك. پويىزنىڭ تېزلىكىدە يول بويىدىكى دەرەخلەر يىقىلىپ چۈشىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. بىز شىئەنگە بېرىپ بەش كۈن تۇرۇپ، بازارلارنى ئايلىنىپ 6- كۈنى يەنە پويىزغا چۈشۈپ ماڭدۇق. چاڭجياڭ دەرياسىغا كەلگەندە پويىزنى پاراخوت بىلەن ئۆتكۈزدى. چۈنكى شۇ چاغدا چاڭجياڭ دەرياسىغا تېخى كۆۋرۈك سېلىنمىغانىكەن. نەنجىڭغا بېرىپ شىنجاڭ ئىش باشقارمىسىغا چۈشتۇق. يولۋاس كېلىپ بىز بىلەن كۆرۈشتى.

بىز نەنجىڭغا بېرىپ بىر يىلدىن كېيىن ياپونلار نەنجىڭنى بومباردىمان قىلغىلى تۇردى. بىر كۈنى بىز تۇرغان يەرگە يېقىنلا يەردە بومبا پارتلىدى. بىز ئۈچ - تۆتەيلەن يوغان بىر تاشنىڭ ئاستىغا مۆكۈۋالدۇق. يولۋاسمۇ خوتۇن - بالىلىرى بىلەن گەمىگە كىرىۋاپتۇ. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى نەنجىڭدىن چېكىنىۋىدى، بىزمۇ ئەگىشىپ خەنكوغا باردۇق. يولۋاس مۇشۇ يەردە خەنزۇ قىز لىيۇيۇڭچيۇ (ئۇيغۇرچە ئىسمى مەدىنە خېنىم) بىلەن توي قىلدى. كېيىن بۇ خوتۇننى قومۇلغا بىللە ئېلىپ چىقتى. ياپونلار داۋاملىق باستۇرۇپ خەنكوغا كىردى. بىز گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە ئەگىشىپ چۇڭچىڭغا كەلدۇق. شۇنىڭدىن كېيىن چۇڭچىڭدا تۇرۇپ قالدۇق.

1944 - يىل 9 - ئايدا جياڭ جيېشىنىڭ خوتۇنى سۇڭ مېيلىڭ شېڭ شىسەينى ئىندەككە كەلتۈرۈپ چۇڭچىڭغا ئېلىپ بارغاندا، جياڭ جيېشى شېڭ شىسەيدىن «ئىلگىرى سىنىڭ باشقۇرۇشۇڭدىكى قومۇلنىڭ ۋالىيسى يولۋاس ھازىر مېنىڭ قېشىمدا، سەن ئۇنى تونۇمسەن؟» دەپ سورىغانىكەن. شېڭ شىسەيمۇ «تونۇيمەن» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن جياڭ جيېشى بىر كۈنى

يولۋاس بىلەن شىڭ شىسەينى كۆرۈشتۈردى. سورۇندا بىزمۇ بار ئىدۇق. شىڭ شىسەي يولۋاسنى قۇچاقلاپ يىغلاپ«سەن ئەسلىدە ياخشى ئادەمكەنسەن، ئارىمىزدىكى ئىشپىيونلار گەپ توشۇپ، بىزنى بىر - بىرىمىزگە قارشى قىلىپ قويغان ئىكەن» دېدى ۋە يەنە «قانچە ئادىمىڭ بىلەن كەلدىڭ» دەپ سورىدى. يولۋاس «خوتۇن- بالىلىرىم ۋە فۇگۇەنلىرىم بىلەن كەلدىم» دەپ بىزنى كۆرسىتىپ قويدى.

كېيىن جياڭ جېيشى يولۋاسنىڭ ياقۇپ بەگ، ئەمەت بەگ دېگەن ئوغۇللىرى ۋە ناسىر بەگ دېگەن نەۋرىسى (بۇ نىيازبەگنىڭ ئوغلى، ھازىر قومۇلدا ھايات)★ ۋە بىز فۇگۇەنلەرنى چېڭدۇدىكى ھەربىي مەكتەپتە ئوقۇتتى. ھەربىي مەكتەپ ئەسلىدە نەنجىڭدا بولۇپ، گومىنداڭ چۇڭچىڭغا چېكىنگەندە مەكتەپمۇ تەڭ كۆچۈرۈلۈپ كېلىنگەنىكەن. بىز ھەربىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندا جەنۇبىي شىنجاڭلىق ئابدۇرېھىم ئاخۇن ئىسىملىك بىر ياش ھىندىستان ئارقىلىق چېڭدۇغا كەلگەنىكەن. ئۇ ئىلگىرى پەننى مەكتەپتە ئوقۇغان كىشى بولغاچقا، يولۋاسنىڭ بۇيرۇقى بىلەن بىزنى ئوقۇتۇپ ساۋادىمىزنى چىقاردى. چېڭدۇنىڭ ھاۋاسى بەك نەم بولغاچقا ئابدۇرېھىم ئاخۇن، قاراتاللىق غوجامنىياز، يولۋاسنىڭ كىچىك قىزى ئايىم خېنىم ئۆپكە كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ ئۆلۈپ كەتتى. ئۇلارنى خويزۇ مەسچىتىگە ئېلىپ بېرىپ سۇغا ئالدۇرۇپ، خويزۇلار قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلدۇق.

بىز ھەربىي مەكتەپنىڭ ئالىي مائارىپ مەشق سىنىپىدا ئىككى يېرىم يىل ئوقۇغاندىن كېيىن ئوقۇشىمىز پۈتكەن بولدى. ماڭا يېڭجاڭلىق مەنسىپى بېرىپ، غەربىي شىمال بارگاھىغا تەقسىم قىلدى. ئايلىق مائاشىمىز 10 يۈەن ئىدى. غەربىي شىمال بارگاھىنىڭ باشلىقى دېڭ شىخۇي بولۇپ، باش شتابى چېڭدۇدا ئىدى.

بىز قومۇلدىن ئايرىلىپ ئىچكىرىدە يەتتە يىل تۇرۇپ قالدۇق. بىر كۈنى بىز بىلەن بىر سىنىپتا ئوقۇغان جاڭ فامىلىلىك بىر ئەسكەر بىز تۇرغان يەرگە كېلىپ «مېنى قاراشەھەرگە قوماندان قىلدى، پات ئارىدا ئەسكەرلىرىم بىلەن يولغا چىقىمەن. ئەگەر يۇرتۇڭلارغا قايتمىشنى خالىساڭلار مەن سىلەرنى ئالغاچ كېتەي» دېدى. ئەمەت (قازاق)، ئابدۇللاخۇن، ئويۇپ، بەرەم نىياز ۋە مەن بەشىمىز مەسلىھەتلىشىپ، ھەر بىرىمىز 40-50 تاختىدىن چاي ئېلىپ جاڭ سىلىڭ بىلەن بىللە يولغا چىقتۇق. بىز ماشىنىلىق قاراشەھەرگە كېلىپ ئورۇنلىشىپ ئۈچ ئايدىن كېيىن رۇخسەت سوراپ قومۇلغا قايتىپ كەلدۇق.

1946 - يىل 2 - ئايدا يولۋاسمۇ قالغان ئادەملەرنى ئېلىپ قومۇلغا قايتىپ چىقىپ يەنە قومۇلغا ۋالىي بولدى. يولۋاس بىزنى يەنە ئۆز يېنىغا ئەكىلىپ ئىشلەتتى. مەن يولۋاسنىڭ مېھمانخانىسىدا كۈتكۈچى بولدۇم. يولۋاسنىڭ نەۋرىسى ناسىربەگ بىر بۆلۈمنىڭ باشلىقى بولدى.

مەن يولۋاسنىڭ خىزمىتىنى قىلىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە قومۇلدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى ھىمايە قىلغۇچى گومىنداڭغا قارشى ياشلار تەشكىلاتى قۇرۇلغانىكەن. ئاكام نىياز سوپىمۇ بۇ تەشكىلاتقا ئەزا ئىكەن. ئۈچ ۋىلايەت تەرەپتىن ئەۋەتىلگەن بىر كاتىپ بۇ تەشكىلاتنىڭ ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىدىكەن. بۇ كاتىپنى ئىشپىيونلاردىن xxx بايقاپ قېلىپ، يولۋاسقا دوكلات قىلىۋاتقاندا مەن چاي قۇيۇۋېتىپ ئاڭلاپ قالدىم ۋە دەرھال ئاكام نىياز سوپىغا مەلۇم قىلدىم. ئاكام بۇ ئىشنى ئۇۋەيس ھاجى، نىياز نۇرۇل قاتارلىق كىشىلەرگە ئۇقتۇرۇپ كاتىپنى قاچۇرۇۋېتىپتۇ. xxx ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ

uyghurkitap.com
www.uyghurkitap.com



مەندىن گۇمانلىنىپ يولۋاسقا ئىنكاس قىلغانىكەن، لېكىن يولۋاس «ھەسەن مېنىڭ ئىشەنچلىك ئادىمىم، مۇمكىن ئەمەس» دەپ ئىشەنمەپتۇ. شۇنداقتىمۇ مەن يەنە ئېھتىيات قىلىپ ئۆيگە كەتتىم، كېيىن ئۆيدە تۇرۇشىمۇ خەتەرلىك بىلىپ ئاستانىگە كەتتىم. بىر ئايدىن كېيىن (1949- يىل 10- ئايدا) ئازادلىق ئارمىيە قومۇلغا كىردى. قومۇلدىكى ئاخۇن، باي ۋە ئەمەلدارلار ئازادلىق ئارمىيىنىڭ ئالدىغا قارشى ئېلىشقا چىقتى. ئازادلىق ئارمىيە چوڭ گازارمىغا ئورۇنلاشتى. يولۋاس يەنىلا قومۇلنىڭ ۋالىيسى ئىدى. بىر كۈنى يولۋاسنىڭ خەنزۇ خوتۇنى لياۋ يۈچيۇ چوڭ گازارمىغا بېرىپ ئازادلىق ئارمىيىنىڭ قومۇلدا تۇرۇشلۇق 16- دۈيزىيىسىنىڭ سىياسىي كومىسسارى گۇەن شىڭجىغا يالغاندىن «دەرت تۆكۈپ» يولۋاسنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلغاندىن كېيىن، گۇەن شىڭجى ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىپ يولۋاسنىڭ پات ئاردا بىر تەرەپ قىلىنىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يولۋاس 1950 - يىل 3 - ئاينىڭ 19 - كۈنى 2 - قېتىم قېچىپ تەيۋەنگە كەتتى.

1951 - يىلى مەن ئاستانە گۇمبارۋەنگە كۆچۈپ باردىم. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا مېنى «خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپىدە ئوقۇغان، گومىنداڭنىڭ قالدۇقى» دەپ سۆرەپ كۈرەش قىلدى ۋە ئالتە ئاي سولاپ ئەمگەككە سالدى. شۇ چاغلاردا ئۆيۈمگە ئوت كېتىپ خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتەپىنى پۈتتۈرگەنلىك كىنىشكام ۋە خاتىرە سۈرەتلىرىمنىڭ ھەممىسى كۆيۈپ كېتىپ ھەممىدىن قۇرۇق قالدىم. 1978 - يىلنىڭ ئاخىرىدا مەسىلەم قايتا تەكشۈرۈلۈپ ئوۋۇال قىلىنغانلار قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىندىم.


ھەسەن بارات

رەتلەپ قەلەمگە ئالغۇچىدىن: بۇ ۋەقەلەرنىڭ شاھىدى بولغان ھەسەن بارات 2003 - يىلى 3- ئاينىڭ 28 - كۈنى 90 يېشىدا ئاستانىدا ۋاپات بولدى.

ھادى پالۋان چىڭخەيگە بېرىپ شۇ يەردە تۇرۇپ قالغان ۋە پاتەم ئىسىملىك خۇيزۇ ئايالغا ئۆيلەنگەن، 1945- يىلى قومۇلغا قايتىپ چىققان، 1946- يىلى يولۋاس قومۇلغا قايتىپ چىققاندا تەكلىپ بىلەن بوغاز ساقچىخانىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن، 1952- يىلى گومىنداڭغا ئىشلىگەن، دېگەن جىنايەت بىلەن 10 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان. تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، 1975- يىلى يۇرتى چوڭتۇردا 85 يېشىدا ۋاپات بولغان. 1978- يىلى نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، ئاقلانغان.

★ بۇ ماقالىنى رەتلەۋاتقاندا ناسىربەگ ھايات ئىدى. 2004 - يىل 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنى 83 يېشىدا قومۇلدا ۋاپات بولدى.

1999 - يىلدىكى ئۇنىئالغۇ لېنتىسىغا ئاساسەن رەتلىگۈچى: ئابلىمىت ئابدۇللا

تەھرىرلىگۈچى: ئابلىز ئورخۇن

# مەرىپەت گۈلىستانى ئۈمىد مەكتەپ ھەققىدە ئەسلىمە

ئابدۇسالام توختى

(شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتىدىن)

## مەرىپەت گۈلىستانى

غۇلجا شەھەرلىك ئۈمىد مەكتەپ (ھازىرقى غۇلجا شەھەرلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ) ئۆز ۋاقتىدا غۇلجا شەھىرى بويىچە ھەتتا پۈتكۈل ئىلى ۋىلايىتى بويىچە داڭلىق مەكتەپلەرنىڭ بىرى ئىدى. بۇ مەكتەپ ئىلى (غۇلجا) مائارىپىنى راۋاجلاندۇرۇشتا كۆپلىگەن تۆھپىلەرنى قوشقان ئۇزاق تارىخقا ئىگە مەكتەپ. ئۇ مىڭلىغان ئۈمىد چېچەكلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن بىر مەرىپەت گۈلىستانى، ئىلى مائارىپى تارىخىدا چاقناپ تۇرغان بىر نۇرلۇق يۇلتۇز.

ئۈمىد مەكتەپ شۇ چاغدىكى ئۈچ دەرۋازا چوڭ كوچىسىغا جايلاشقان، مەكتەپنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 9 - 10 موچە كېلەتتى. مەكتەپنىڭ چوڭ كوچىغا (جەنۇب تەرەپكە) قاراپ تۇرغان دەرۋازىسىدىن كىرسىڭىز ئوڭ تەرەپتە سىنىپ، سول تەرىپىدە چوڭ مەسچىت بار ئىدى، مەسچىتتىن سەل ئۆتكەندە، غەربتىن شەرققە سوزۇلغان بىر ئىمارەت بولۇپ، بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش بىناسى ئىدى. مەكتەپ مەيدانىنىڭ شىمال تەرىپى چوڭ دەڭ بىلەن تۇتىشاتتى، شەرق ۋە غەرب تەرەپلىرىنى شەخسلەرنىڭ باغلىرى ئوراپ تۇراتتى.

ئۈمىد مەكتەپنىڭ يەنە 1 - شۆبە باشلانغۇچ مەكتەپ، 2 - شۆبە باشلانغۇچ مەكتەپ (سايرامىيە مەكتەپ) دېگەن ئىككى شۆبە مەكتىپى بار ئىدى، ئۈمىد مەكتەپ چوڭ مەكتەپ دەپ ئاتىلاتتى. مەن 1941 - 1942 - ئوقۇش يىلى مۇشۇ مەكتەپكە ئوقۇشقا كىردىم.

مېنىڭ ئۈمىد مەكتەپتىكى ئوقۇش تارىخىم 1941 - يىلدىن 1944 - يىلغىچە بولغان گومىنداڭ دەۋرى بىلەن 1944- 1949- يىلغىچە بولغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دەۋرىگە توغرا كەلدى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى باشلانغان دەسلەپكى مەزگىللەردە ئۈمىد مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا «ئازادلىق كۈرىشى» ناملىق بىر جەڭگىۋار ناخشا ئۆگىتىلگەنىدى. ئۇ ناخشىنىڭ دەسلەپكى كۇبلېتى ھېلىمۇ ئېسىمدە. ئۇ ناخشا مۇنداق باشلانغانىدى:

ئازادلىق كۈرەشنىڭ يولىنى ئاچتۇق،

www.uyghurkitap.com

دولقۇنلاپ تىك قىرغاقلارغا تاشتۇق.
دولقۇنلار ئارىسىدا راسا قايناپمىز،
چېكىنمەيمىز، يانمايمىز، ئالغا
چامدايمىز.

ئەينى ۋاقىتتا پۈتۈن كۈچ ئالدىنقى سەپكە قارىتىلغانلىقى ئۈچۈن، بىزنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىمىزمۇ قولىغا قورال ئېلىپ جەڭگە ئاتلانغانىدى. شۇڭا، 1944 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1945 - يىلى 9 - ئايغىچە مەكتەپلەردە ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرى ۋاقىتىنچە توختاپ قالدى. 1945 - يىلى 9 - ئايغا قەدەر ئىلى، ئالتاي، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرى تامامەن ئازاد بولدى. 1945- يىل 9 - ئايدا مەكتەپلەردە ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

## سۆيۈملۈك ئۇستاز، كۆيۈمچان باغۋەنلەر

ئۈچ ۋىلايەت دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن مائارىپ ئىشلىرىدىكى زور نەتىجىلەر ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى رەھبەرلىرىنىڭ مائارىپقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەنلىكى ۋە كەڭ مائارىپچىلار، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ هارماي - تالماي جان پىدالىق بىلەن تىرىشىپ ئىشلەشلىرى ئارقىلىق قولغا كەلگەن. ئەينى ۋاقىتتىكى ئۈمىد مەكتەپ بىر قەدەر مۇنتىزىم قۇرۇلمىغا ئىگە، مەكتەپ مەمۇرىيىتى، مەكتەپ مۇدىرى ئىشخانىسى، ئىلمىي بۆلۈم، تەرتىپ بۆلۈمى، تەنتەربىيە بۆلۈمى، خوجىلىق - مالىيە بۆلۈمى ۋە ئىجتىمائىي بۆلۈملەردىن تەركىب تاپقانىدى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە مەكتەپ مەمۇرىيىتىنىڭ ئوقۇغۇچىلار خىزمىتى ۋە باشقا ئىجتىمائىي خىزمەتلەرگە ياردەملىشىپ ئىشلەيدىغان ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى، مەكتەپنىڭ ھەر جەھەتتىكى يار يۆلىكى ۋە مەسلىھەتچىسى بولغان ئاتىلار كومىتېتى بار ئىدى. ئابدۇسالام ئەسقىرى مەكتەپ مۇدىرى، مەۋلان قاراباش ئىلمىي مۇدىر، نەسىردىن ئەپەندى تەرتىپ مۇدىرى ئىدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دەۋرىدىكى ئوقۇتقۇچىلار ئېسىل پەزىلەتلىك، بەكمۇ مەسئۇلىيەتچان، بارلىقىنى ئەۋلادلارنى تەربىيىلەشكە بېغىشلىغان پىداكار باغۋەنلەر ئىدى. مەن غۇلجا شەھەرلىك ئۈمىد مەكتەپتە ئوقۇغان مەزگىلدە ئابدۇسالام ئەسقىرى، كېۋىر نىياز، سادىق ئارۇپ، مەۋلان قاراباش، زەيىنىدىن يۈسۈپ، بورھانىدىن مەنسۇر، جامالىدىن، نەسىردىن، مەرغۇب ئىسھاقوف، غېنى كەرىموف، خەمىد ئاباساوف، خۇدابەردى تالىپ، قوربان خەلپىتىم، ھۆسەيىن خەلپىتىم، تۇرسۇن رەخمىتۇللا، رەجەپ كېۋىر، مجىت غوپۇرى، ئابدۇۋەلى، داۋۇت تۇراخمەتوپ، سەرىبىبى، سەلىمە تۇرسۇن، خەدىچەتتە، رىزۋان مەرۇپ، ھەلىمەتتە (كېۋىر نىيازنىڭ رەپىقىسى)، رۇقىيەم، ھوشۇرخان، شادىيە سادىقوۋا قاتارلىق ئۇستازلار بار ئىدى.

ئەينى ۋاقىتتا بىزگە ھەر قايسى پەنلەردىن دەرس بېرىدىغان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرمىگەن بولسىمۇ، لېكىن تىرىشىپ ئۆگىنىپ، بىلىم سەۋىيىسىنى داۋاملىق ئۆستۈرىدىغان تىرىشچان كىشىلەر ئىدى. ئۈمىد مەكتەپنىڭ تۈزۈمى چىڭ ئىدى، ئۇستازلىرىمىز ئۆزلىرىگە قاتتىق تەلەپ قوياتتى، دەرسنى پۇختا تەييارلىق بىلەن ئۆتەتتى. مەۋسۇم ۋە يىل ئاخىرىدا ئىمتىھان

ئېلىنىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ نەتىجىسى جەدۋەللەشتۈرۈلۈپ ئېلان قىلىناتتى. ئەلاچىلار ئايروپىلان، ياخشىلار ماشىنا، ئوتتۇراھاللار ئات، ناچارلار ئېشەك، ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەنلەر تاشپاقا رەسىمى بىلەن ئىپادە قىلىنىپ كۆرسىتىلەتتى. مۇشۇنداق قىزىقارلىق، جانلىق چارە ـ تەدبىرلەر قوللىنىلىش ئارقىلىق ئارقىدا قالغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئەلاچىلارغا يېتىشىۋېلىشى ئۈچۈن ئىلھام بېرىلەتتى. ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلارغا تەن جازاسى بېرىش، تىللاپ دىلىغا ئازار بېرىشتەك ناچار ئىللەتلەر ھەرگىز كۆرۈلمەيتتى. شۇڭا بىز ئوقۇتقۇچىلىرىمىزنى بەكمۇ ھۆرمەت قىلاتتۇق، ئۇلار بىزنىڭ ھەقىقەتەن سۆيۈملۈك ئۇستازلىرىمىز ۋە كۆيۈمچان باغۋەنلىرىمىز ئىدى.

## سەمىمىي غەمخورلۇق

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دەۋرىدە، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى خەلق مائارىپ ئىشلىرىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى، بولۇپمۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمى خەلقنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى. مەسىلەن: ئۇ ھۆكۈمەت ئىشلىرى ۋە باشقا ئىشلارنىڭ كۆپ ۋە ئالدىراشلىقىغا، ۋاقىتنىڭ قىسلىقىغا قارىماي، غۇلجا شەھىرىدىكى مەكتەپلەرگە بېرىپ، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلاردىن ھال سوراپ تۇراتتى. بىز ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە يەنى 1945 ـ يىلدىن 1949 ـ يىلغىچە ئەخمەتجان قاسىمى ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلاردىن ھال سوراش، ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئىشلىرىنىڭ سۈپىتىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن، ھاكىم جاپپار قاتارلىق مائارىپ مۇپەتتىش خادىملىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئۇمىد مەكتەپكە بىرنەچچە قېتىم كەلگەنىدى. ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى رەھبەرلىرىنىڭ خەلق مائارىپى ئىشلىرىغا ۋە ئەۋلادلارغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىغا دائىر تۆۋەندىكىدەك بىر ئىش ھازىرغىچە ئېسىمدە.

1947 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى تۇغ مەيداندا (ھازىرقى خەلق باغچىسى ئورنىدا) دا غۇلجا شەھىرىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ بىرلەشمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. يىغىندا مەكتەپلەردىكى ئوقۇشتا، ئەخلاقتا، تەرتىپ ـ ئىنتىزامدا ئۈلگىلىك ئەلاچى ئوقۇغۇچىلار مۇكاپاتلاندى. ئەخمەتجان قاسىمى سۆزگە چىقىپ، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنى قىزغىن تەبرىكلىدى، ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلارنى تېخىمۇ تىرىشىپ ئۆگىنىشكە ئىلھاملاندۇرۇپ:

«. . . بۈگۈن مۇكاپاتلانغان باللار ھەر قايسى مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياخشى ئۈلگىلىرى، مەن بۇ باللارنى، جۈملىدىن بارلىق ئوقۇغۇچىلارنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن، ئۇلارنى ياخشى ئوقۇتقان ئۇستازلارغا رەھمەت ئېيتىمەن ھەمدە بارلىق باللارنىڭ تىرىشىپ ياخشى ئۆگىنىپ تېخىمۇ ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن. باللار، سىلەر ۋەتىنىمىزنىڭ ئىگىلىرى، كەلگۈسىنىڭ ئىگىلىرى، شۇڭا تىرىشىپ بىلىم ئېلىڭلار، بىلىكى كۈچلۈك بىرنى يېڭەر، بىلىمى كۈچلۈك مىڭنى، باللار سىلەر ۋەتەننىڭ، خەلقنىڭ ئۈمىدى. ئۈمىد ياش ئەۋلادلاردا. . .» دېگەن سۆزلىرى ھېلىمۇ قۇلىقىم تۈۋىدە ياڭراپ تۇرغاندەك قىلىدۇ.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دەۋرىدە ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى، بولۇپمۇ ئەخمەتجان قاسىمى ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيلەپ، ئۇلارنىڭ بىلىم سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە، خىلمۇ - خىل قىيىنچىلىقلىرىنى ۋاقتىدا ھەل قىلىشقا، مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلەتتى ۋە غەمخورلۇق قىلاتتى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئەمگىكىنى قەدىرلەپ، ئۇلارنىڭ سىڭدۈرگەن ئەجرىنى يۇقىرى باھالاش ئارقىلىق ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۆز خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلىشىگە ئىلھام ۋە مەدەت بېرەتتى. مەسىلەن: ئوقۇتقۇچىلىرىمىز ئىچىدە ئۇمىد مەكتىپىنىڭ مۇدىرى ئابدۇسالام ئەسقىرى ئەينى ۋاقىتتىكى خېلى يۇقىرى سەۋىيىلىك، تەجرىبىلىك پىشقان پېداگوك بولۇپ، بارلىق ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە ۋە مائارىپ ساھەسىدە يۇقىرى ئىناۋەت، ھۆرمەتكە سازاۋەر ئىدى. ئۇ مائارىپ ئىشلىرىغا زور تۆھپە قوشقانلىقى ئۈچۈن، ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ كۆرسەتكەن خىزمەتلىرىنى يۇقىرى باھالاپ، ئۇنى شەرەپلىك ھالدا «ئىستىقلالىيەت 1 - » مېدالى بىلەن تارتۇقلىغانىدى. مانا بۇ ئەينى ۋاقىتتا ئوقۇتۇقۇچىلار ئەمگىكىنىڭ قەدىرلىنىدىغانلىقى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھۆرمەتلىنىدىغانلىقىنىڭ بىر مىسالى.

ئەخمەتجان قاسىمى 1948 - يىلى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئەمگىكىگە يۇقىرى باھا بېرىپ قىلغان بىر سۆزىدە: « كىشىلىك جەمئىيەتتە ئوقۇتقۇچى مېھنىتىدەك پەخىرلىنەرلىك مېھنەت يوقتۇر، چۈنكى ئالىم، مۇتەخەسسىس، يازغۇچى، قوماندان، جەمئىيەت ئەربابى ۋە باشقىلارنىڭ ھەممىسى ئوقۇتقۇچى مېھنىتىنىڭ مەھسۇلىدۇر» دېگەنىدى. ئەخمەتجان قاسىمى ھەقىقەتەن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ، جۈملىدىن ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ يۈكسەك ھۆرمىتىگە ئىگە سۆيۈملۈك، دانا رەھبەر ۋە سەممىمىي غەمخورلۇق قىلغۇچى ئىدى.

## ئۇنتۇلماس پائالىيەتلەر

ئەينى يىللاردا ئۇمىد مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلار ئۆتۈلگەن دەرسلەرنى ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، جانلىق ئۆگىنىشىمىزگە، چۈشىنىپ ئۆزلەشتۈرۈۋېلىشىمىزغا بەكمۇ كۆڭۈل بۆلەتتى. مەسىلەن: بىرىنچى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمەلىي يېزىقچىلىق ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن، مەكتەپ بويىچە «بىرىنچى قەدەم» ناملىق تام گېزىتى چىقىرىلاتتى. بۇ گېزىتكە ھەر قايسى سىنىپتىكى كىچىك مۇخبىرلار يازغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش، تەرتىپ - ئىنتىزام جەھەتتىكى ياخشى ئىش ۋە ئۈلگىلىك پائالىيەتلىرى، بايرام، خاتىرە كۈنلەر ھەققىدىكى تەسىرات ماقالىلىرى، قىسقا شېئىر ۋە ماقالىلەر چىقىرىلاتتى. بۇ گېزىت ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەدەبىيات ۋە يېزىقچىلىققا بولغان قىزىقىش - ھەۋىسىنى قوزغاش ۋە ئۆستۈرۈش، يېزىقچىلىق ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە زور رول ئوينىغان ، شۇ چاغلاردىلا ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە خېلىلا ياخشى ماقالە ۋە شېئىرلارنى يازالايدىغان ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرى بارلىققا كەلگەنىدى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئوقۇغۇچىلار-نى ئۆگەنگەن بىلىملىرىنى ئەمەلىيەتتە

ئىشلىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، خىلمۇ خىل تەدبىرلەر قوللىنىلاتتى. مەسىلەن: ئۇستازىمىز كېۋىر نىياز يازغان ماقالىلىرىمىزنىڭ سۆز - جۈملىلىرىنىڭ راۋان، ئىملاسى توغرا، رەتلىك، خەتنىڭ چىرايلىق بولۇشى جەھەتتە قاتتىق تەلەپ قوياتتى. چورنىۋاي، بېلىۋاي دەپتەر تۇتۇشنى تەشەببۇس قىلاتتى. بىز مۇئەللىم سۆزلىگەن لېكسىيىنى چورنىۋاي دەپتەرگە يېزىۋېلىپ، كېيىن بېلىۋاي دەپتەرگە ئۇدۇللۇق رەتلىك، چىرايلىق، پاكىز قىلىپ كۆچۈرۈپ چىقاتتۇق. بۇمۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ خەتنى چىرايلىق ۋە توغرا يېزىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشتىكى بىر تەدبىر ئىدى.

يەنە ئوقۇغۇچىلارنىڭ نۇتۇق (سۆزلەش) ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش ۋە ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، سىنىپ ۋە مەكتەپ بويىچە سۆز مۇسابىقىلىرى ئۆتكۈزۈلۈپ تۇراتتى. 1948 - يىلى ساۋاقدىشىم سابىت روزى مەكتەپ بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن سۆز مۇسابىقىسىدە 1 - بولۇپ مۇكاپاتلانغانىدى.

ئىككىنچى، مەكتەپتە ساز كۇرژۇكى ئۇيۇشتۇرۇلغانىدى. بۇنىڭغا ئەينى يىللاردىكى مۇزىكا (ناخشا) ئوقۇتقۇچىمىز جامالىدىن ئەپەندى ئومۇمىيۈزلۈك يېتەكچىلىك قىلاتتى. بۇ كۇرژۇكقا بىر قىسىم ھەۋەسكار ئوقۇغۇچىلار قاتناشقاندىن باشقا يەنە بىر مۇنچە ئوقۇتقۇچىلارمۇ قاتناشقانىدى. ئەينى يىللاردا ھەر يىللىق ئوقۇش باشلاش ۋە ئوقۇش تاماملاش مۇراسىمى، يېڭى يىلنى ۋە ھەر خىل بايراملارنى قارشى ئېلىش، خاتىرىلەش پائالىيەتلىرى، سىنىپلار ئارا ۋە مەكتەپلەر ئارا ناخشا - مۇزىكا مۇسابىقىلىرى ئۆتكۈزۈلگەندە، بۇ ساز كۇرژۇكىنىڭ ئەزالىرى تېخىمۇ جانلىنىپ كېتەتتى. جامالىدىن ئەپەندى بۇ پائالىيەتلەرنى قىزغىن، جانلىق، خۇشال - خۇرام ۋە ئۈنۈملۈك ئۆتكۈزۈشتە بەكمۇ مۇھىم رول ئوينايتتى. مەسىلەن: 1948 - يىلى يېڭى يىلدا ئۇ قا ق (ئۇيغۇر - قازاق - قىرغىز) كۇلۇبىدا ئۇمىد مەكتەپتىكى ئەلاچى ئوقۇغۇچىلارنى مۇكاپاتلاش يىغىنىدىن كېيىن ئۆتكۈزۈلگەن كونسېرت كېچىلىكىدە مەكتەپ سەنئەت كۇرژۇكىنىڭ ئەزالىرىدىن غىياسىدىن بارات ئېيتقان «ئامان بولسۇن»، ئايتۇرغان ئېيتقان «ئەمگەك ھەققىدە ناخشا»، ھۆرىيەت ئورۇندىغان «ھەربىي ئۇسسۇل» قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشقان ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار-نىڭ ۋە ئاتا - ئانىلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. مانا شۇ ئۇمىد مەكتەپ ساز كۇرژۇكى ھەۋەسكارلىرىنىڭ ئىچىدىن كېيىنكى ۋاقىتلاردا شىنجاڭ خەلقىنىڭ ۋە مەملىكىتىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىغا زور تۆھپە قوشقان غىياسىدىن بارات (ئاتاقلىق ناخشىچى ۋە دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك كومپوزىتور)، ئايتورغان سابىتوۋا (ھازىر ئۆزبېكىستاننىڭ پايتەختى تاشكەنتتە) ھۆرىيەت (ھازىر بېيجىڭدا، «شەرق ناخشا-ئۇسسۇل ئانسامبىلىنىڭ ئاتاقلىق ئۇسسۇلچىسى) قاتارلىق بىر مۇنچە خەلق سەنئەتكارلىرى يېتىشىپ چىقتى.

ئۈچىنچى، مەكتەپتە تەنتەربىيە كۇرژۇكى قۇرۇلغانىدى. بۇنىڭغا ئەينى ۋاقىتتىكى ياش تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسى، ماھىر ۋالىبولچى توپىكچىسى، ئۇستازىمىز تۇرسۇن رەخمىتۇللا يېتەكچىلىك قىلغانىدى. ئۇ ئوقۇتقۇچىلارنى ۋالىبول مۇسابىقىسىگە،

يۈگۈرۈش، سەكرەش مۇسابىقىلىرى، پىرامىدا ئويۇنى قاتارلىق پائالىيەتلەرگە تەشكىللەيتتى. بۇ كۆيۈمچان ۋە تەلەپچان ئوقۇتقۇچىمىز ئوقۇغۇچىلارنى ساغلام بەدەن ئەۋلادلاردىن قىلىپ يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن تەنتەربىيە دەرسى ۋە باشقا تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىدە بىزگە ناھايىتى قاتتىق تەلەپ قوياتتى. شۇڭا 1948-يىلى غۇلجا شەھىرى بويىچە مەكتەپلەر ئارا ئوقۇغۇچىلارنىڭ 500 مېتىرغا يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىدە ئۆمىد مەكتىپىنى بىر تاتار ساۋاقدىشىمىز 2 - لىككە ئېرىشىپ مۇكاپاتلاندى. مەكتەپ بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن پىرامىدا مۇسابىقىسىدە ساۋاقدىشىمىز گۈلجامال زاكىرىۋا (ھازىر تاشكەنتتە) 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

مەكتەپ تەشكىلىنىڭ يۇقىرىقىدەك پائالىيەتلەرنى كونكرېت ئۇيۇشتۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىش قاتارلىق خىزمەتلىرىگە ئەينى ۋاقىتتىكى ئۆمىد مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى يېقىندىن ماسلاشتى. بۇ جەھەتتە ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى خېلى زور رول ئوينىدى. ئۇ چاغدىكى ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى سابىت روزى بولۇپ، ئۇ مەكتەپ بويىچە ئۆگىنىشتە ئەلاچى، ئىجتىمائىي خىزمەتلەردە پائالىيەتچان ياخشى ئۆسمۈر ئىدى.

## ئاتىلار كومىتېتى

ئۆمىد مەكتەپىنىڭ ئىشلىرىغا ھەر جەھەتتىن ياردەم بېرىپ يار - يۆلەك بولىدىغان بىر كومىتېت بار ئىدى. ئۇ «ئاتىلار كومىتېتى» دەپ ئاتىلاتتى. مەن ئوقۇۋاتقان يىللاردا ئاتىلار كومىتېتى زاكىرجان ئاكا، نەسرۇللا باي، مىرزاھىت بابا قاتارلىق بىر مۇنچە مائارىپپەرۋەر يۇرت مۆتىۋەرلىرىدىن تەركىب تاپقانىدى. ئۇلار يۇقىرى ئىناۋەتكە ئىگە زاتلار ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن روناق تاپقان خەلقپەرۋەر، مىللەتپەرۋەر كىشىلەر ئىدى. ئاتىلار كومىتېتىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى مەكتەپكە ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم بېرىش، مەكتەپ رەھبەرلىكىنىڭ ئوقۇتۇش ۋە باشقۇرۇش خىزمەتلىرىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلىشى ئۈچۈن پىكىر - تەكلىپ، مەسلىھەت بېرىش ئىدى. شۇڭا مەكتەپ مەمۇرىيىتى مەكتەپ خىزمىتىدىكى بەزى ئەمەلىي مەسىلىلەر ۋە ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقلار ھەققىدە ئۇلاردىن پىكىر - مەسلىھەت ئالاتتى. ئاتىلار كومىتېتى مەكتەپ يولۇققان قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئەمەلىي ياردەم بېرەتتى ۋە مەكتەپكە كېلىپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇراتتى، ھەل قىلىشقا بولىدىغانلىكى ئىش بولسا ھەل قىلاتتى. مەسىلەن: قىيىنچىلىقى ئېغىر نامراتلارنىڭ بالىلىرىنى ئوقۇش قوراللىرى ۋە كىيىم - كېچەك بىلەن ھەقسىز تەمىنلەيتتى. مەكتەپ ھەر يىلى يىللىق ئىمتىھان ئاخىرلاشقاندا ئوقۇغۇچىلارنى ئىلى دەرياسى بويىدىكى ساپ ھاۋالىق، مەنزىرىلىك جاي- زېمىنكاغا ئېلىپ چىقىپ، بىپايان تەبىئەتنىڭ جانغا ھوزۇر بېغىشلايدىغان گۈزەل مەنزىرىلىرىنى سەيلە - تاماشا قىلدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ روھلۇق، تېتىك، ساغلام، ئەقىللىق ئۆسۈشىگە شارائىت يارىتىپ بېرەتتى.

شۇ يىللاردىكى ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلار بىرلىكتە ئۆتكۈزىدىغان «زېمىنكا ساياھىتى» گە كېتىدىغان ئىقتىسادىي چىقىمنى

ئاساسەن ئاتىلار كومىتېتى ئۈستىگە ئالاتتى. شۇڭا ئاتىلار كومىتېتى بارلىق ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچىلەرنىڭ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ، ئاتا - ئانىلارنىڭ ۋە كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ قىزغىن ئالقىشى ۋە يۈكسەك ھۆرمىتىگە سازاۋەر ئىدى.

## ئۈمىد چېچەكلىرى

1948 - يىل 6 - ئايدا غۇلجا شەھىرىدە ئۈ قا ق كۇلۇبىدا ئۈمىد مەكتەپتىكى ئەلاچى ئوقۇغۇچىلارنى مۇكاپاتلاش مۇناسىۋىتى بىلەن يىغىن ئېچىلدى. يىغىن ناھايىتى داغدۇغىلىق ئېچىلدى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ تىرىشىپ ئۆگىنىپ، تېخىمۇ زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىگە زور ئىلھام بېرىلدى. يىغىندا ئۈمىد مەكتەپنىڭ ھەر قايسى سىنىپلىرىدىن سابىت روزى، رەخىم قاسىم، ئازات مامۇتوف، ئابدۇسېلىم توختى، گۈلجامال زاكىر، ئەخمەت ئىمىن قاتارلىق 20 نەچچە بالا مۇكاپاتلاندى. مەكتەپ مۇدىرىمىز ئابدۇسالام ئەسقىرى يىغىندا قىلغان سۆزىدە مۇنداق دېدى: «بۈگۈنكى يىغىنىمىز ناھايىتى ياخشى يىغىن بولدى. مەن بارلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ۋەتەن ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپلەپ بىلىم ئېلىشىنى،



ئالدىنقى رەت ئوڭدىن: سابىت روزى، تۇرسۇن مامۇتوپ، ئابدۇراخمان ھەسەنوپ، ھاكىم جاپپار، مۇھەممەت قۇربان، ئەنۋەر ئەزىزى، رىزۋان ناسىروۋا، ھاكىم تۇرسۇن.

ئارقا رەت ئوڭدىن: ئابدۇسالام توختى، ئەخمەت، مەمەتجان ئەمەت، رەخىم قاسىم، تۇرداخۇن، ئابدۇشۇكۇر تۇردى، تۇرسۇن مۇھەممەت پەخرىدىن، ئابدۇۋەلى خەلپەت، يولداش كەرىم، ئابدۇۋەلى مۇقىيت.

مەكتىپىمىزنىڭ «ئۈمىد مەكتەپ» دېگەن نامغا لايىق ئوقۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. چۈنكى سىلەر خەلقىمىزنىڭ، مىللىتىمىزنىڭ ئۈمىد غۇنچىلىرى، ئۈمىد چېچەكلىرى. مەن ئۈمىد چېچەكلىرىنىڭ كەلگۈسىدە خەلقىمىزگە مول مېۋىلەرنى ئاتا قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئىشىنىمەنكى، سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن كەلگۈسىدە ۋەتەنگە، خەلققە يارامىلىق كۆپلىگەن ئىختىساسلىق خادىملار، ئوقۇتقۇچىلار، جەمئىيەت ئەربابلىرى، ئالىملار، يازغۇچىلار، شائىرلار، سەنئەتكارلار، دوختۇرلار ۋە باشقا ئاجايىپ ئېسىل پەزىلەتلىك كىشىلەر يېتىشىپ چىقىدۇ...».

كېيىنكى يىللاردىكى ئەمەلىي ئەھۋال مەكتەپ مۇدىرىمىز ئابدۇسالام ئەسقىرىنىڭ ئاشۇ سۆزلىرىنى تولۇق ئىسپاتلىدى. بىزنىڭ ساۋاقداشلىرىمىز ئىچىدىن ھەقىقەتەن ۋەتەن، خەلق، مىللىتىمىز ئۈچۈن جان - دىل بىلەن ئىشلەپ، ھەر ساھەدە زور تۆھپىلەرنى قوشقان ئىختىساسلىق خادىملار بارلىققا كەلدى. مەسىلەن:

رەخىم قاسىم: شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى تەرىپىدىن چىقىرىلىدىغان «تارىم» (شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى)، «ئەدەبىي تەرجىمىلەر» ژورنىلىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى، ئالىي مۇھەررىر، ئاتاقلىق شائىر ۋە ئەدەبىي تەرجىمان.

مالىك كېۋىر: «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى ۋە «ئىلى گېزىتى» ئىدارىسىدا ئۇزۇن يىل مەسئۇل مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن ئاخبارات خادىمى، ئالىي مۇھەررىر، پېشقەدەم يازغۇچى.

مايمۇنەم ئابدۇۋەلى (جارۇللايوف): ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى كادىرلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئىدارىلەر كومىتېتىنىڭ شۇجىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن پېشقەدەم رەھبىرىي كادىر.

سابىت روزى: ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى كادىرلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، تىل تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن، كاندىدات ئالىي تەتقىقاتچى، تىلشۇناس.

تۇرسۇن مۇھەممەت پەخىردىن: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ۋە شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتىدا ئۇزۇن يىل مەسئۇل مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن، ئالىي مۇھەررىر، باللار شائىرى.

غىياسىدىن بارات: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ناخشا - ئۇسسۇل ئانسامبەلىنىڭ ئاتاقلىق چالغۇچىسى، ئاتاقلىق ناخشىچى، دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك كومپوزىتور.

قۇربان ئىمىر: ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتكوم ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، مۇنەۋۋەر رەھبىرىي كادىر.

ئابدۇسالام توختى: شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتىنىڭ سابىق باشلىقى، باش مۇھەررىرى (ئالىي مۇھەررىر)، پېشقەدەم شائىر ۋە ئەدەبىي تەرجىمان، دۇنيا ئىلىم - پەن ئىشلىرىغا تۆھپە قوشقانلىق ئالتۇن مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئىلمىي خادىم، پەخرىي دوكتور، «دۇنيادىكى مەشھۇر شەخسلەر تۆھپىكارى» ناملىق ئالتۇن مېدالغا ئېرىشكەن

مۇتەخەسسىس.

بۇ مەكتەپتە ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىن يۇقىرىدا ئىسمى ئاتالغان كىشىلەردىن باشقا يەنە نۇرغۇنلىغان ئىختىساسلىق خادىملار يېتىشىپ چىقتى. ئۇلار ۋەتىنىمىزنىڭ، جۈملىدىن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت - مائارىپ، پەن تەتقىقات، ئەدەبىيات - سەنئەت، مالىيە - ئىقتىساد ۋە باشقا ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى ۋە قوشماقتا.

ئەينى ۋاقىتتا ئۆمىد مەكتەپتە تەربىيىلەنگەن «ئۆمىد غۇنچىلىرى» نىڭ بۈگۈنكى كۈندە سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنىڭ ھەر قايسى سەپلىرىدە ئۆسۈپ يېتىلىپ، ئانا يۇرتىمىز، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز ۋە ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن شېرىن مېۋىلەر ئاتا قىلغانلىقىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرگىنىمىزدە بىزنى بالىلىق دەۋرىمىزدىن تارتىپلا ياخشى تەربىيىلەپ ئۆستۈرگەن ئاشۇ سۆيۈملۈك ئۇستازلىرىمىزنى، مەرىپەت گۈلىستانى بولغان ئانا مەكتىپىم ئۆمىد مەكتەپنى چەكسىز ئېپتىخارلىق ھېسسىياتى بىلەن تىلغا ئالىمەن ۋە سېغىنىمەن.

تەھرىرلىگۈچى: ئابدۇرۇپ ئېلى

(بېشى 35 - بەتتە)

ئۆزى توپلىغان نۇرغۇن كىتابلارنى ساقلىغان. بۇ كىتابلار «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا كۆيدۈرۈۋېتىلگەن. ئۇ 1982 - يىلى 8 - ئايدا ۋاپات بولدى.

قەشقەردىكى دوپپا - تۇماقچىلارنىڭ ساھىب تەگبىرى ئابدۇغوپۇر ئاخۇن مەخدۇم ئىدى. ئۇ 1888 - يىلى قەشقەر شەھىرى قوغان يېزىسىنىڭ ئۆزۈمچى مەھەللىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ ئەينى دەۋردىكى ئالىملاردىن موللىخان ھاجىم، ھاشىم ئاخۇن داموللا قاتارلىق ئۆلىمالاردا ئوقۇغان. ئۇ 1960 - يىللاردا ھېيتگاھ جامەسىگە ئىمام ۋە خاتىپ بولغان، 1971 - يىلى 7 - ئايدا ۋاپات بولغان.

تەھرىرلىگۈچى: ئابدۇرۇپ ئېلى

## مۇشتىرى بولۇڭ، ماقالە ئەۋەتىڭ

«شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 2006 - يىلمۇ ئوقۇرمەنلىرىمىزگە مول مەزمۇنلۇق تارىخي ئەسلىمە، يۇقىرى ئىلمىي قىممەتكە ئىگە تارىخىي ماتېرىياللار ۋە ئىلىم ساھەسىدە قاتتىق بەس - مۇنازىرىگە ئايلانغان ماتېرىياللارنى تەقدىم قىلىدۇ. ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، ژۇرنىلىمىزغا مۇشتىرى بولۇشنى قارشى ئالىمىز. يەنە ژۇرنىلىمىزنىڭ 1998 — 2004 - يىلىغىچە بولغان سانلىرىنىڭ توپلىمى بار. سانى چەكلىك، ھاجەتمەنلەرنىڭ تەھرىر بۆلۈمىمىزگە كېلىپ ياكى پوچتا ئارقىلىق سېتىۋېلىشىنى قارشى ئالىمىز.

ئوقۇرمەنلەر ۋە ئاپتورلارنىڭ ژۇرنىلىمىز سەھىپىلىرىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان تۈرلۈك ماقالىلەرنى ئەۋەتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

www.uyghurkitap.com

# مەن بىلىدىغان لۇتپۇللا مۇتەللىپ

ئەھمەتئىمىن ئەلنەزەر

(شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدىن)

2004 - يىلى قۇربان ھېيتتا يازغۇچى مۇھەممەت شاھنىياز ئەپەندى دادامنى يوقلاپ ئۆيىمىزگە كېلىپ دادام بىلەن پاراڭلاشتى ۋە لۇتپۇللا مۇتەللىپ توغرىسىدا كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىنى سۆزلەپ بېرىشنى سورىدى. دادام گەرچە 86 ياشقا كىرىپ قالغان بولسىمۇ، خاتىرىسى ناھايىتى ياخشى ئىدى. دادام 60 يىل ئىلگىرى بولۇپ ئۆتكەن بۇ ئىشلارنى بىزگە تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى:

1939 - يىل 8 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى پىچان ناھىيىسىدىن مەن، ئابلا پولات، ئىمىن قاسىم، مۇھەممەت قاسىم، ئەنەس سادىق ئالتەيلەن ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىنىدە ئوقۇش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە چىقتۇق. شۇ يىلى ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىنگە تۆت سىنىپ يېڭى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنغان بولۇپ، ئۇلار 21 -، 22 -، 23 -، 24 - سىنىپلارغا تەقسىم قىلىنغانىدى. بىز پىچاندىن كەلگەنلەر لۇتپۇللا مۇتەللىپ، ئەلقەم ئەختەم، تۇرغۇن ئالماس ... قاتارلىقلار بىلەن 24 - سىنىپتا ئوقۇدۇق. ئۇ ۋاقىتتا ئىبراھىم مۇتىئىي (پېداگوگىكا ئوقۇتقۇچىسى)، مەۋلانجان تۇردىيوف (دۇنيا تارىخى ئوقۇتقۇچىسى)، ئابدۇللا زۇنۇنوف (تىل ئوقۇتقۇچىسى)، ئاخۇنجانوف ۋە ئابلا داۋۇتوف قاتارلىق ئوقۇتقۇچىلار بار ئىدى. مەن لۇتپۇللا مۇتەللىپ بىلەن شۇ چاغدا تونۇشقان، سىنىپتا ئۇنى «مۇتەللىپ» دەپ چاقىراتتۇق. ئۇنىڭ شېئىرلىرى سىنىپ تام گېزىتى، «شىنجاڭ گېزىتى» قاتارلىقلاردا دائىم ئېلان قىلىنىپ تۇراتتى. تەنەپپۇستا مۇتەللىپ مۇنبەرگە چىقىپ شەپكىسىنى قولىغا ئېلىپ لېنىننى دوراپ سۆزلەپ ھەممەيلەننى كۈلدۈرەتتى. ئۇ رۇسچىغا پىششىق بولۇپ، رۇسچە، تاتارچە، قازاقچە ماتېرىياللاردىن تولۇق پايدىلىنالايتتى. كېيىن خەنزۇچىنىمۇ ئۆگەندى.

شۇ چاغدا ھەر پەسىلدە بىر قېتىم سىنىپ تام گېزىتى چىقىراتتۇق. بىز ئىشلىگەن تام گېزىتى مەكتەپ بويىچە باھالاشتىن ئۆتەتتى. مېنىڭ خېتىم ھەممەيلەننىڭكىدىن چىرايلىق بولغاچقا، تام گېزىتىنىڭ خېتىنى مەن يازاتتىم، مۇتەللىپ بىلەن سەئىدىن تالىپ گۈزەل - سەنئەت لايىھىلىگۈچىسى ئىدى.



مۇتەللىپ رەسىم سىزىشقا ئۇستا بولۇپ، ماركس، ئېنگلىس، لېنىن، ستالىنلارنىڭ رەسىمىنى شۇنداق ئوخشىتىپ سىزاتتى.

1939 ـ يىلنىڭ ئاخىرى بىز «نۇرلۇق يولغا قەدەم» دېگەن تېمىدا تام گېزىتى چىقىرىشقا تەييارلىق قىلدۇق. تەييارلىغان ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسىنى دوسكىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن دوسكا توشمىدى، مەكتەپتىن تەكشۈرىدىغان ۋاقىت ئاز قالغاچقا، مۇتەللىپنى مۇشۇ يەرگە شېئىر يېزىپ بېرىشكە چاقىردىم. ئۇ قولىغا قەلەم ئېلىپ مۇنۇ شېئىرنى يازدى:

ئۆلۈم يا كۆرۈم دەپ مىليونلىغان ئەل،
كۈرەش مەيدانىغا چۈشتى باغلاپ مەھكەم بەل.
بۇ يولدا ئاقىدۇ قانلار بولۇپ سەل،
ئەڭ ئاخىرقى مەقسىتىمىز چوقۇم بولىدۇ ھەل.

مەن بۇ شېئىرنى دەرھال قەغەزگە كۆچۈرۈپ چاپلىدىم. تام گېزىتىمىز مەكتەپ بويىچە 1 ـ بولۇپ باھالاندى. مۇتەللىپ بۇ شېئىرىدا پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشىنى مەدھىيىلىگەنىدى.

مەن 1940 ـ يىل 8 ـ ئايدا ئۆلكىلىك ساقچى ئەمەلدارلىرى مەكتىپىگە ئىمتىھان بەردىم. ئىمتىھاندا «ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا قانداق قارايسىز؟ بۇ ئۇرۇشنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسى سىزنىڭچە قانداق بولىدۇ؟» دېگەن سوئال بار ئىدى. مەن مۇتەللىپنىڭ تام گېزىتىگە يېزىپ بەرگەن شېئىرىنى ئېسىمگە ئالدىم ۋە شۇ نۇقتىنى مەركەز قىلىپ جاۋاب بەردىم. شۇنىڭ بىلەن 1348 ئادەم ئىچىدە 3 ـ بولۇپ ئىمتىھاندىن ئۆتتۇم. شۇڭا بۇ بىر كۇبلىت شېئىر ھېلىمۇ ئېسىمدە ئېنىق تۇرۇپتۇ.

1941 ـ يىل 5 ـ ئايدا ئۆلكىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسىنىڭ سىياسىي بۆلۈمىدە پراكتىكا قىلدىم. بۇ بۆلۈمدە پۈتۈن ئۆلكىدىكى ۋىلايەت، ناھىيە ۋە ئورۇمچىدىكى مەكتەپلەرنىڭ ئارخىپلىرى بولۇپ، ئۇلاردا شۇ ئورۇنلاردىكى سىياسىي جەھەتتە گۇمانلىق كىشىلەرنىڭ ئەھۋالى ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلىرى خاتىرىلەنگەنىدى. مەن ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ ئارخىپىنى كۆرسەم، ھەر بىر سىنىپنىڭمۇ ئايرىم ئارخىپى بارئىكەن. مەن سىنىپىمىزدىكى (24 ـ سىنىپ) «گۇمانلىق ئوقۇغۇچى» لارنىڭ ئارخىپىغا كۆز يۈگۈرتتۈم. مېنىڭمۇ بىر پارچە «جىنايەت ئارخىپىم» بارئىكەن. ئۇنىڭدا «24 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى ئىمىن ئاقۇپ 1940 ـ يىلى ئاپرېل بايرىمىدا ‹ئاپرېل بايرىمىنى ئەسكى خەي بىلەن قارشى ئالىمىز› دېگەن» دەپ يېزىلىپتۇ. يەنە بىر پارچە قەغەزدە «ئىمىن ئاقۇپنىڭ ئاتا ـ ئانىسى دېھقان، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا ئىشلەپ باقمىغان» دەپ يېزىلغان ۋە پىچان ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسى ۋە لەمجىن ساقچىخانىسىنىڭ تامغىلىرى بېسىلغانىدى.

مەن بۇلارنى كۆرۈپ ھەممىنى چۈشەندىم. ھەر يىلى 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى شېڭ شىسەينىڭ دۇبەن بولغان كۈنىنى خاتىرىلەپ پائالىيەت ئۇيۇشتۇرۇلاتتى، يەنى بۇ كۈن شۇ چاغلاردا ئۆتكۈزۈلىدىغان چوڭ بايرام كۈنى ئىدى. 1940 ـ يىل 4 ـ ئايدا ئورۇمچىدە يامغۇرغا قارىماي بايرامغا تەييارلىق قىلدۇق. مېنىڭ ئاياغلىرىم يىرتىلىپ كەتكەنىدى. شۇ چاغدا مەن «ئاپرېل بايرىمىنى ئەسكى خەي بىلەن قارشى ئالىمىز» دېگەنىدىم.

مۇتەللىپنىڭ «گۇمانلىق شەخس» نامىدىكى ئارخىپلىرى ھەممىدىن كۆپ ئىكەن.

www.uyghurkitap.com

مەن بۇ ئارخىپلارنى كۆرۈپ ھۆكۈمەت ئىشپىيونلۇق تورىنىڭ ھەقىقەتەن كەڭ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم.

خىزمەت تەقسىماتى بىلەن 1941 - يىل 6 - ئايدا ئاقسۇغا باردىم. 1943 - يىلى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ سىياسىي بۆلۈمىدە ئىشلەۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئىشخانىغا كىرسەم ئۈستەل ئۈستىدە «لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈش ئايرىم دېلوسى» دېگەن خەنزۇچە خەت يېزىلىپ، ئۈستىگە ئۆلكىلىك ساقچى باشقارمىسىنىڭ تامغىسى بېسىلغان، ئاق خەسە بىلەن مەھكەم ئورىلىپ، يىپ بىلەن تىكىلگەن بىر ئارخىپ خالتىسى تۇرۇپتۇ.

مۇتەللىپ ئاقسۇغا كېلىشتىن بۇرۇنلا ئۇنىڭ ئارخىپى كېلىپ بولغان بولۇپ، ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى جاسۇسلۇق بۆلۈمىدىن مۇتەللىپنى كۆزىتىدىغان ئادەملەر ئاللىبۇرۇن تەشكىللەنگەنىكەن. شۇ چاغدا ئاقسۇ گېزىتخانىسىدا لۇتپۇللا مۇتەللىپنى تەكشۈرىدىغان «ئەپەندى»، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدا «ياخشى»، «كاڭجيەن»، جەمئىيەتتە «گاڭبى» دېگەندەك مەخسۇس ئادەملەر بار ئىدى. مۇتەللىپ قاتارلىقلارنى ئاشكارىلاپ قويغان ھېكىم نۇرنىڭ مەخپىي ئىسمى «گاڭبى»، ياسىن ئېزىزنىڭ مەخپىي ئىسمى «كاڭجيەن» ئىدى.

ساقچى ئىدارىسى مېنىڭ مۇتەللىپ بىلەن ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىندە بىللە ئوقۇغانلىقىمنى بىلگەندىن كېيىن، مۇتەللىپنىڭ «دېلوسى»غا مېنىڭ ئارىلاشماسلىقىمنى ئۇقتۇردى. لېكىن مەن مۇتەللىپكە مۇناسىۋەتلىك ئىشلاردىن يەنىلا خەۋەردار بولۇپ تۇراتتىم.

مۇتەللىپنىڭ «گۇمانلىق» ئىش - ھەرىكەتلىرى ئىشپىيونلار تەرىپىدىن ئىگىلەنگەندىن كېيىن، ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى بۇ ئەھۋاللارنى تېلېگراممىا ئارقىلىق ئۆلكىلىك ساقچى ئىدارىسىغا دوكلات قىلاتتى. كېيىن ئۆلكىدىن «سىلەر مۇتەللىپنىڭ كۈندۈزدىكى ئىش - ھەرىكەتلىرىنىلا ئىگىلەپسىلەر، لېكىن كېچىدە ئۇنىڭ نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ كېچىدىكى ئىش - ھەرىكەتلىرىنىمۇ قاتتىق نازارەت قىلىپ مەلۇم قىلىڭلار» دەپ بۇيرۇق كەلدى.

شۇنىڭ بىلەن يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى تەرىپىدىن ئاقسۇ قىزلار پېداگوگىكا مەكتىپىدە ئوقۇيدىغان سوفىيە ئىسىملىك بىر قىز تاللانغانىدى. ئىشپىيون ھېكىم نۇر مۇتەللىپ بىلەن يېقىن ئاغىنە بولۇۋالغاچقا، مۇتەللىپكە سوفىيە بىلەن توي قىلىش توغرىسىدا قايتا - قايتا ئېيتقاندىن كېيىن، مۇتەللىپ «توي قىلىشقا پۇلۇم يوق» دەپتۇ. ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى بۇ خەۋەرنى بىلگەندىن كېيىن ھېكىم نۇرغا پۇل بېرىپتۇ. ھېكىم نۇر بۇ پۇلنى ئېلىپ «مۇتەللىپ ئاداش، بۇ پۇل سىنىڭ توي ئىشىڭغا ياردىمىم بولسۇن» دەپ مۇتەللىپكە بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇتەللىپ سوفىيە بىلەن توي قىلدى. سوفىيەمۇ مۇتەللىپنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرى توغرىسىدا ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنى ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەپ تۇردى.

مۇتەللىپكە «دىققەت قىلىش» توغرىسىدا گەپ قىلىپ قويۇشنى ئويلىغان بولساممۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئىشپىيونلارنىڭ كۆپلۈكىدىن مۇمكىن بولمىدى. بىللە ئىشلەيدىغان خىزمەتداشلىرىمىز بىر كۈندىلا تۇيۇقسىز يوقاپ كەتسە، ئۇلارنىڭ ئىز - دېرىكىنى سوراشقىمۇ رۇخسەت قىلىنمايتتى. چۈنكى بىزنىڭ ئۈستىمىزدىمۇ پايلاقچىلار بار

بولۇپ، دەككە ـ دۈككىدە خىزمەت قىلاتتۇق.

1944 ـ يىلىنىڭ بىر كۈنى ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى مۇ دۈڭچۇ مېنى ئىشخانىسىغا چاقىرتتى. ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ تەرجىمانى زو مىڭ (زۇنۇن)، ساقچىلاردىن مۇھەممەت ئەرشىدىن (تۇرپانلىق)، قاسىم (قەشقەرلىك) قاتارلىقلارمۇ مۇتەللىپ بىلەن ئىشخانىغا كىرىپ كەلدى.

مۇ دۈڭچۇ مۇتەللىپكە:

ـ مەن ساڭا بىر ھېكايە ئېيتىپ بېرىمەن. سەن بۇ ھېكايىنى سەھنە ئەسىرىگە ئايلاندۇرۇپ كېلىسەن، بولامدۇ؟ ـ دېدى.

مۇتەللىپ ماقۇل بولغاندىن كېيىن مۇ دۈڭچۇ ھېكايىسىنى باشلىدى. زو مىڭ بىر تەرەپتىن تەرجىمە قىلدى. بۇ ھېكايىدە ئىچكىرى ئۆلكىدىكى بىر خەنزۇ دېھقاننىڭ پىلە بېقىپ، دەستىگاھ قۇرۇپ، كېيىن چوڭ فابرىكا قۇرۇپ چىققانلىقى سۆزلەندى. ھېكايە ئۇزۇن بولۇپ يېرىم كېچىدە ئاخىرلاشتى. مۇ دۈڭچۇ مۇتەللىپكە «سەن بۇنى بىر ھەپتە ئىچىدە سەھنە ئەسىرىگە ئايلاندۇرۇپ ماڭا تاپشۇرىسەن» دېدى.

ئەتىسى مۇ دۈڭچۇ مېنى يەنە چاقىرتتى. ئەسلىدە مۇتەللىپ تۈنۈگۈنكى ھېكايىنى سەھنە ئەسىرىگە ئايلاندۇرۇپ ئەكەلگەنىكەن. ئۇ بۇ سەھنە ئەسىرىگە «نۇرلۇق يولغا قەدەم» دەپ ماۋزۇ قويۇپتۇ. مۇتەللىپنىڭ يازغانلىرىنى زو مىڭ تەرجىمە قىلىپ بەردى. بۇنى ئاڭلىغان مۇ دۈڭچۇ چاۋاك چېلىپ كەتتى ۋە بىزگە قاراپ:

ـ سىلەر ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىسىلەر، ئەرەبلەردىن چىققان مۇھەممەتنى پەيغەمبەر دەيسىلەر. لېكىن ئۆز ئىچىڭلاردىكى پەيغەمبەرنى بىلمەيسىلەر، مېنىڭچە مانا بۇ مۇتەللىپنى پەيغەمبەر دېسە بولىدۇ ـ دېدى.

مۇ دۈڭچۇ مۇتەللىپكە «بۇنى كۆرۈپ باق» دەپ بىر پارچە خەتنى بەردى. بۇ يۇقىرىدىن كەلگەن «مۇتەللىپ سەككىز يىللىق قاماققا ئېلىنسۇن» دېگەن بۇيرۇق ئىدى.

مۇتەللىپ بۇنى كۆرۈپ ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمىدى.

مۇ دۈڭچۇ مۇتەللىپكە:

سەن ناھايىتى ئىقتىدارلىق ئىكەنسەن. ھەممىمىز ساڭا قايىل، بۇنىڭدىن كېيىن ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى تەشكىللىگەن سانائىي نەفىسەدە تەشكىللەش، باشقۇرۇش ئىشلىرىنى ئۆتەيسەن، بۇنىڭغا قوشۇلساڭ بۇيرۇقنى باستۇرۇپ قويىمىز. قوشۇلمىساڭ بۇيرۇق بويىچە ئىش كۆرىمىز» دېدى، مۇتەللىپ بۇنىڭغا قوشۇلدى. «ئىشپىيونلار» مۇتەللىپنىڭ يېقىن دوستى بولۇۋېلىپ، ئۇنىڭ ھەر كۈنلۈك ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى توختىماي مەلۇم قىلىپ تۇراتتى.

مۇتەللىپ سانائىي نەفىسەدە «غېرىپ ـ سەنەم»، «تاھىر ـ زۆھرە»، «ئارشىن مال ئالان» قاتارلىق دراما ـ ئوپېرالارنى يازدى ۋە سەھنىلەشتۈردى. شۇ چاغدا ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ چوڭ زالىدا ئويۇن قويۇلاتتى، مەن دائىم ئويۇن كۆرگىلى باراتتىم. شۇ چاغلاردا ماڭا «غېرىپ ـ سەنەم»، «تاھىر ـ زۆھرە» ئوپېرالىرىنىڭ ناخشىلىرى ياد بولۇپ كەتكەنىدى.

كۈنلەر ئۆتۈپ 1945 ـ يىلىنىڭ بىر كۈنىدە خوتەن ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋۇ شۆبىڭ ئۈرۈمچىگە بېرىش يولىدا ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ مېھمانخانىسىغا چۈشتى. مېھمانخانا مەسئۇلى مۇ دۈڭچۇغا ۋۇ شۆبىڭنىڭ كەلگەنلىكىنى، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ قويۇشنى ئېيتتى. مۇ دۈڭچۇ «ئەگەر ئۇنىڭ مەن بىلەن كۆرۈشكىسى بولسا ئالدىمغا كىرسۇن. مەن ئۇنىڭ ئالدىغا

uyghurkitap.com

كۆرۈشكىلى بارمايمەن» دەپتۇ. مېهمانخانا مەسئۇلى مۇ دۇگچۇڭنىڭ گېپىنى ۋۇ شۆبىڭگە ئاشۇرۇپ يەتكۈزۈپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان ۋۇ شۆبىڭ «خەپ سېنى مۇ دۇگچۇ» دەپ، ئۈرۈمچىگە بېرىپ خوتەندىن ئېلىپ كەلگەن ئېسىل قاشتېشى، ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى ئۈرۈمچىدىكى ئەمەلدارلارغا سوۋغا قىلىپ، ئۆلكىلىك ساقچى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى لى يىڭچىنى قولغا كەلتۈرۈپ ئۇنىڭغا:

— سىلىگە يارەمدە بولۇشقا تېخىمۇ قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن ئاقسۇغا يۆتكىلىپ كەلگەن بولسام ــ دېگەن تەلەپنى قويۇپتۇ.

لى يىڭچى:

— بولىدۇ، سىز ئاقسۇغا بېرىڭ، بىز ئاقسۇغا تېلېگراما ئارقىلىق خەۋەر قىلىمىز. سىز بېرىپلا خىزمەتكە چۈشۈڭ ــ دەپتۇ. ۋۇ شۆبىڭ:

— جاناپلىرىنى ئاۋارە قىلماي تېلېگراممىنى ئۆزەملا ئېلىپ بارسام ــ دەپتۇ.

لى يىڭچى ۋۇ شۆبىڭگە ئۇنىڭ ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەنلىك توغرىسىدىكى تېلېگراممىنى بېرىپتۇ.

بىر كۈنى كەچتە ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ خىزمەتچىلىرى ۋە باشقا كىشىلەر زالدا مۇتەللىپ قاتارلىقلارنىڭ ئويۇنىنى كۆرۈپ ئولتۇراتتۇق. تۇيۇقسىز تاراق - تۇرۇق قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ زال ئىچىگە قوراللىق ساقچىلار كىرىپ كەلدى. ئارىدىن بىرى سەھنىگە چىقىپ:

— بۇ قانداق يەر؟ ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىدا سانائىي نەفىسە تەشكىللەش، ئويۇن قويۇش مەدەنىيەت - مائارىپ ئۇيۇشمىسىنىڭ ئىشى ئەمەسمۇ؟ ئويۇن تارقالسۇن، سانائىي نەفىسە تارقىتىلسۇن. بۇ ئۆلكىلىك ساقچى باشقارمىسىنىڭ بۇيرۇقى ــ دەپ، ۋۇ شۆبىڭنىڭ ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەنلىك بۇيرۇقىنى ئۈنلۈك ئوقۇپ مۇ دۇگچۇڭنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى.

شۇنىڭ بىلەن سانائىي نەفىسە تارقىلىپ كېتىپ، مۇتەللىپ ئاقسۇ گېزىتخانىسىغا كەتتى. ۋۇ شۆبىڭ ئۈرۈمچىدىكى چاغدىلا ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىدا ئىشلەيدىغان بىر قىسىم ساقچى كادىرلارنى ئۆزى تەيىنلەپ كەلگەچكە، مېنى ئاقچى ناهىيىسىگە، كېيىن توقسۇ ناهىيىسىگە يۆتكىدى.

1945 - يىلى غۇلجا ئارمىيىسى ئاقسۇ شەھىرىنى ئىككىنچى قېتىم قورشايدۇ. مۇتەللىپ، مۇنىردىن خوجا باشلىق كىشىلەر تەشكىلات قۇرۇپ غۇلجا ئارمىيىسىگە ئىچى - سىرتتىن ماسلاشماقچى بولغاندا، ئىنقىلابچىلارنىڭ تىزىملىكىنى ھېكىم نۇر ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىغا يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. 1945 - يىل 18 - سېنتەبىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ، مۇنىردىن خوجا، ئابلا روزى، مەۋلانجان تۇردىيوف، بىلال ئەزىزى قاتارلىقلا-رنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىك خەۋىرىنى توقسۇ ناهىيىسىدە ئاڭلىدىم.

1946 - يىلى مەن ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىغا قايتىپ كېلىپ، مۇتەللىپكە مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى باشقىلاردىن سۈرۈشتۈرۈپ تېخىمۇ تەپسىلىي ئۇقتۇم. ھېكىم نۇر، ياسىن ئېزىز قاتارلىق ئىشپىيونلار بۇ چاغدا ساقچى ئىدارىسىنىڭ رەسمىي ساقچىسى بولۇپ كەتكەنىدى.

1946 - يىلى گومىنداڭنىڭ چوڭ ئىشپىيونلىرىدىن ئابلا داموللا بىلەن جۇ تۇەنجاڭ دېگەنلەر ئاقسۇغا كەلدى. ئۇلار چوڭ يىغىن ئېچىپ:

— بۇنىڭدىن كېيىن ۋەزىيەتنىڭ مۇقىم بولىدىغانلىقى، قانۇن ۋە سىياسەتنىڭ ياخشى

ئىجرا قىلىنىپ خەلق خاتىرجەم تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈلىدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بېرىپ، كېيىنكى خىزمەتلەرنىڭ ياخشى ئىشلىنىشى ئۈچۈن قانداقلا پىكىر بولسا ئوتتۇرىغا قويساڭلار بولىدۇ ـ دېدى.

يىغىن ئاياغلاشقاندىن كېيىن ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ئوقۇتقۇچىلار، جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىدىكى كىشىلەر ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى مېھمانخانىسى زالىغا يىغىلىپ، پىكىر ـ تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ مۇزاكىرە قىلىشتۇق. مەنمۇ كاتىپ بولۇپ يىغىندا ئوتتۇرىغا چۈشكەن پىكىرلەرنى خاتىرىلىدىم. ئەتىسى ئابلا داموللا ۋە جۇ تۇەنجاڭ پىكىر ـ تەلەپ ئاڭلاش يىغىنى ئاچتى. مەن ئالدى بىلەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئالدىنقى كۈنى ئوتتۇرىغا قويۇلغان پىكىرلەرنى ئوقۇدۇم:

1. ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋۇ شۆبىڭ لۇتپۇللا مۇتەللىپ قاتارلىق كىشىلەرگە ئۆلۈم جازاسى بەردى. بۇ جىنايەتچى شۇنداقلا ئىشپىيون ھېكىم نۇر، ياسىن ئېزىزلار خەلق ئالدىدا جىنايىتىنى ئىقرار قىلىپ قاتتىق جازالىنىشى كېرەك.

2. غۇلجا ئارمىيىسى ئاقسۇ شەھىرىگە ھۇجۇم قىلغاندا گومىنداڭ ئارمىيىسى شەھەر سىرتىدىكى نۇرغۇن دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىنى تۈزلىۋەتتى ۋە نۇرغۇن بىگۇناھ كىشىلەرنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەبچى بولدى. ھۆكۈمەت بۇنىڭ ئۈچۈن جاۋابكار بولۇشى كېرەك.

3. غۇلجا ئارمىيىسى ئاقسۇ شەھىرىگە ھۇجۇم باشلىغاندا ئۈچتۇرپان ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋۇ يۇشۇن نۇرغۇن ياشلارنى تۇتقۇن قىلىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. شۇڭا ۋۇ يۇشۇن بۇنىڭغا جاۋابكار بولۇشى كېرەك.

4. . . . ، 5. . . .

مېنىڭ كەينىمدىن ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى ساقچىلىرىدىن ياسىن ئەخمەت قاتارلىق ساقچىلار ۋە باشقىلار بەس ـ بەستە پىكىر قىلدى. يىغىن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئاما تەشكىللىنىپ، ئاقسۇ شەھىرىدە ۋە ئونسۇدا ئۈچ كۈن نامايىش قىلدۇق.

ئۈچ كۈندىن كېيىن ئابلا دامولla، جۇ تۇەنجاڭ جىمجىتلا كېتىپ قالدى. ۋەزىيەت بىردىنلا ئۆزگەردى. ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى پىكىر ـ تەلەپ ئاڭلاش يىغىنىغا قاتناشقان، پىكىر قىلغان ۋە گۇمانلىق دەپ قارالغان باشقا كىشىلەر تۈرلۈك باھانە ـ سەۋەبلەر بىلەن قولغا ئېلىندى. شۇ قاتاردا مېنىڭمۇ ئۇنۋان ۋە ۋەزىپىلىرىم ئېلىپ تاشلىنىپ خىزمەتتىن بوشىتىلدىم. مەن شۇنىڭدىن كېيىنلا ئابلا دامولla ۋە جۇ تۇەنجاڭ دېگەنلەرنىڭ بۇ قېتىمقى ئىشى بىر قېتىملىق ئالدامچىلىق، قىلتاق ئىكەنلىكىنى بىلدىم.

مەن 1957 ـ يىلى ئاقسۇدىن يۇرتۇمغا قايتىپ كەلدىم. كېيىن ئابدۇللا تالىپنىڭ «قاينام ئۆركىشى» ناملىق رومانى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن بەزى كىشىلەر رومانىدىكى «يانتاقۇپ» دېگەن ئىشپىيون «ئىمىن ئاقۇپ» دېگەن كىشىمىش دېگەندەك گەپلەرنى قىلىشىپتۇ.

تەھرىرلىگۈچى: پولات ھىمىت

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى

# كۇچا، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپانلارنىڭ قەدىمكى ناملىرى

پائول پېللىئوت

لېكوك قىزىل ۋە شورچۇقتىن تاپقان قەدىمكى قولىيازمىلار ئارىسىدىن ئاتاقلىق ئالىم لۈدېرس كۇچانىڭ يەرلىك تارىخىغا دائىر ئاتالغۇلارنى بايقىدى①، بۇنىڭ ئىچىدە كۇچانىڭ سانسكرىتچە ئاتىلىشى بولغان Kuça سۆزى بىرنەچچە ئورۇندا ئۇچرايدۇ، بۇ ئاتالغۇنىڭ ئۇچرىشى كىشىلەرنىڭ ئېسىگە شۇەن زاڭنىڭ ساياھەت خاتىرىسىدىكى چۈجى (屈支 ‹Kuçi›) دېگەن ئاتالغۇنى سالىدۇ، بۇ سانسكرىتچە ئاتالغۇنىڭ نەق ئۆزى، خالاس. بۇنى سانسكرىتچە بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشاش دېيىشكە بولمايدۇ، چۈنكى بۇ سانسكرىتلاشمىغان يەرلىك نامدۇر. بىز خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن تارتىپ كۇچا نامىنىڭ خەنزۇچە مەنبەلەردە ھەر خىل يېزىلىپ كەلگەنلىكىنى بىلىمىز، بۇ خەنزۇچە ناملار ئاساسەن بىرلا خىل كۇسى (Kuci) دېگەن يەرلىك ئاتالغۇنىڭ خەنزۇچە يېزىلىشىدىنلا ئىبارەت، بۇنى ھەرگىزمۇ كۇچى (Kuçi) نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى دېگىلى بولمايدۇ②، لۈدېرس ھازىرقى كۇچا نامىنىڭ قانداق مەنبەدىن كەلگەنلىكىنى ئېنىقلىيالمىغان بولسىمۇ، بۇ ئاتالغۇنىڭ 17 - ئەسىرلەرنىڭ باشلىرىدىلا مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى بىلگەن، چۈنكى بېنوئىت دېگوييېس بۇ نامنى كۇسىيا (Cucia) دەپ يازغاندى. ئەمەلىيەتتە 1330 - يىللارنىڭ ئالدى - كەينىدىكى كلاسسىك ئەسەرلەردە بۇ نام ئاھاڭى شۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان كۇچا (苦叉) دېگەن خەت بىلەن يېزىلغان، بىراق بۇ مەزكۇر ئاتالغۇنىڭ موڭغۇلچە تەرجىمىسى ئەمەس، بىز موڭغۇللارنىڭ بۇ سۆزنى نېمە ئۈچۈن «كۇسەن» دەپ يازغانلىقىنى بىلمىدۇق، مانا بۇ «يۈەن سۇلالىسىنىڭ مەخپىي تارىخى» دىكى كۇچا نامىدۇر. خەنزۇلار مانا بۇنى ئايلاندۇرۇپ چۈشىيەن، كۇشيەن دەپ خاتىرىلىگەن. بۇ ئەمەلىيەتتە خوتەن نامىنىڭ يەنە ئۇدۇن دەپ يېزىلغانلىقىغا ئوخشاش ئىش. شۇڭا موڭغۇلچە كۇسەن نامىنىڭ «تارىخى رەشىدى» دە دائىم كۆرۈلىشى نورمال ئىش، بۇ بەلكىم تىبەتچە «دازاڭ تانجۇر» دېگەن نومدا ئۇچرايدىغان Khusen نىڭ ئۆزى بولۇشى مۇمكىن③. مەن بۇ يەردە بۇ ھەقتە قىسقىچە توختالماقچىمەن، تەپسىلىي توختىلىش كەلگۈسىگە قالدۇرۇلىدۇ.

لۈدېرس تەتقىق قىلغان ھۆججەتلەردە



كۇسەن خانلىرىدىن ئىككىسىنىڭ نامى ئۇچرايدۇ. بىرىنىڭ ئىسمى ۋاسۇياساس (Vasuyasas)، يەنە بىرىنىڭ ئىسمى ئارتېپ (Artep)، بۇلارنىڭ قايسى زاماندىكى ئادەملەر ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا لۇدېرس س. لېۋى تەتقىق قىلغان Svarnate (Suvarnadeva) دېگەن نامنىڭ تولۇق ئەمەسلىكى، ئۇنىڭ چوقۇم سۋارناتېپ (Svarnatep) دەپ يېزىلىشى كېرەكلىكىنى ئىسپاتلىغان. مەنمۇ ئىلگىرى خەنزۇچە مەنبەلەردە خاتىرىلەنگەن سۇفادىي (苏伐叠) غا ئاساسەن مۇشۇنداق بولۇشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلغانىدىم. بۇنى لۇدېرسنىڭ تەتقىقاتىغا بىرلەشتۈرۈپ قارىغاندا، بۇ پەرەزنىڭ خاتا ئەمەس ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

قەدىمكى كۇسەن تارىم دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى كۇچلۇك بىر بەگلىك ئىدى. بىراق، ئۇ تارىم دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى بىردىنبىر بەگلىك ئەمەس ئىدى. كۇسەنىنىڭ غەربىدىكى مۇھىمراق بەگلىك خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى مەنبەلەردە خاتىرىلەنگەن 姑墨 بەگلىكىدۇر. شۈەنزاڭنىڭ ساياھەت خاتىرىسىدە بۇ يەر 跋禄迦 (بارۇكا) دەپ يېزىلغانىدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى ۋاتتېرس (Watters) «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربكە ساياھەت خاتىرىسى» دە تىلغا ئېلىنغان يەنجى (بۇگۈنكى قاراشەھەر) نى سانسكرىتچىدىكى ئاگنى (Agni) نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇشى مۇمكىن، بۇ «ئوت» دېگەن مەنىدە بولۇپ، تۈرك تىلىدا ئوت «يانغى» دېيىلىدۇ، ئاگنى سۆزى مانا مۇشۇ سۆزدىن كېلىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن دېگەنىدى. ئۇ يەنە 跋禄迦 سانسكرىتچىدىكى بالۇكا (ئەسلىدە ۋالۇكا بولۇشى كېرەك) نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇپ، مەنىسى قۇم دېگەنلىكتۇر، شۇڭا بۇ يەر خەنزۇچە مەنبەلەردە گۇمو (قۇم- 姑墨) دەپ يېزىلغان، دەيدۇ. بۇنداق دەلىللەش تەلەپپۇز نۇقتىسىدىن قارىغاندا توغرىدەك قىلىدۇ، ئىلگىرى مەنمۇ مۇشۇنداق قاراشتا بولغان. كۆپچىلىك غەربىي يۇرتنىڭ شىمالىدىكى رايونلارنىڭ ئىلگىرىكى ھەرقانداق دەۋردە تۈركلەرگە تەۋە ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەن بولسا، بۇنداق چۈشەندۈرۈش ناھايىتى تەبىئىي بولغان بولاتتى. بىراق، مىلادىيە 10- ئەسىردىن ئىلگىرىكى پۈتكۈل غەربىي يۇرتتا بىر قىسىم ھىندى-ياۋروپا تىللىرىنىڭ مەۋجۇت بولغانلىقى بايقالغاندىن كېيىن ، بۇ مەسىلە مۇرەككەپ بىر مەسىلىگە ئايلىنىپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە 姑墨 نىڭ قەدىمكى ئوقۇلۇشى قۇم ئەمەس بەلكى دىماق تاۋۇشىدىكى ھەرپلەردە «قۇماق» ياكى «قۇماغ» بولۇشى كېرەك. بۇنى تۈركچە يېزىلىشى بويىچە ئەمەس بەلكى موڭغۇلچە يېزىلىشى بويىچە سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش كېرەك. لۇدېرس ئۆزى تەتقىق قىلىۋاتقان كەمتۈك ۋاراقلار ئىچىدىن بارۇكا (Bharuka) دېگەن دۆلەت نامىنى بايقاپ قالغان ۋە بۇنى خەنزۇچە مەنبەلەردىكى 跋禄迦 دۆلىتىنىڭ نەق ئۆزى دەپ قارىغان④. ناۋادا ئۇنىڭ تەتقىقاتى خاتا بولمىسا نۇرغۇن قىيىن مەسىلىلەردىن خالىي بولغان بولاتتۇق، بىراق كۇنلەرنىڭ بىرىدە مەن بۇ مەسىلىنىڭ يەنە ئوتتۇرىغا چىقىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيمەن.

بۇ نام نارېندراياساس تەرجىمە قىلغان «يۈساڭ نومى» دا 婆楼迦 دەپ يېزىلغان، بۇ نامنىڭ بۇنىڭدىن باشقا يېزىلىشلىرىمۇ بولۇشى مۇمكىن. خۇي لىننىڭ «بارچە نوملارنىڭ

www.uyghurkitap.com
كىتاب ئۇيغۇر

شەرھى» دېگەن كىتابىدا بارۇكا دۆلىتىدىن 末 禄 مولۇ پاختا رەختى چىقىدۇ، شۈەن زاڭنىڭ «ساياھەت خاتىرىسى» دە خۇددى «يىڭى تاڭنامە» نىڭ «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دىكىگە ئوخشاش «بارۇكا دۆلىتىدىن نەپىس پاختا رەخت، نەپىس كىگىز چىقىدۇ» دېيىلگەن. بۇ يەردىكى 末禄 نى بارۇكانىڭ باشقىچە يېزىلىشى دېيىشكە بولىدۇ⑤.

يۇقىرىقىلار سانسكرىتلاشقان بەگلىك ناملىرى، بۇ ناملارنىڭ يەنە يەرلىك ئاتىلىشلىرىمۇ بار. ئۇ بولسىمۇ خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى گۇمو، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى باخۇەن (拔换) لەردۇر. گۇمو دېگەن بۇ نام «تاڭنامە. جۇغراپىيە تەزكىرىسى» نىڭ «غەربىي يۇرت» قىسمىدا 12 ئايىماق ئىچىدە كەلگەندە خېمو. . . دەپ يېزىلغان. بىراق جيا شېننىڭ «يوللار تەزكىرىسى» دە گۇمو دەپ يېزىلغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى قەدىمكى ناملارنىڭ يېڭىچە قوللىنىلىشىدىنلا ئىبارەت. چۈنكى بۇ يەر تاڭ دەۋرىدە يەنە داۋاملىق گۇمو دەپ ئاتالغان ئەمەس. بىراق، مەن بۇ نامنى 4- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە ساقلىنىپ كەلگەن دەپ قارايمەن. ئەينى دەۋردە كۇچادا جيەنموۋاڭ (剑慕王) ئىبادەتخانىسى دېگەن بىر ئىبادەتخانا بار ئىدى⑥. مەن بۇ يەردە گۇمونىڭ ھەر خىل خەنزۇچە يېزىلىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلماقچى ئەمەسمەن. بىز جيەنمونىڭ قەدىمكى ئوقۇلۇشىنىڭ كاممو (Kammo)، كامبو (Kambo) ئىكەنلىكىنى بىلىشىمىز كېرەك. گۇمو دەل مۇشۇ ئىبادەتخانا جايلاشقان كۇچا بىلەن ۋېنسو بەگلىكىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىدى. كامبو بەلكىم گۇمونىڭ ئۆزى بولۇشى مۇمكىن، ياكى ھىندىستاندىكى كامبوجا دېگەن دۆلەتنىڭ نامى خاتا ھالدا بۇنىڭغا باغلاشتۇرۇپ قويۇلغان. بۇ خۇددى Kusinagara دىكى Kusi نىڭ قەدىمكى ئوقۇلۇشى كۇچاغا ئىسىم بولۇپ قالغىنىغا ئوخشاش ئىش⑦.

باخۇەن نامىغا كەلسەك، بۇنىڭدىن خېلى يىللار ئىلگىرى مەن بۇ ئىسىمنى ئىدرىسىنىڭ جۇغراپىيە تەزكىرىسىدىن كۆرگەنلىكىمنى چۈشەندۈرگەنىدىم. بۇ قارىشىمدىن ھازىرمۇ يانمايمەن⑧.

لۇدېرس ئۆزىنىڭ جۇغراپىيە تەتقىقاتىدا مۇنداق بىر كونا كۆزقاراشنى تىلغا ئالمىغان، ئىلگىرى كىشىلەر خاتا ھالدا گۇمونى ئاقسۇ بىلەن كۇچانىڭ ئوتتۇرىسىدا دەپ قارىغان. ئەمەلىيەتتە مۇنداق كۆزقاراشنى دەلىللەشكە ھېچقانداق ئورۇن يوق. چۈنكى گۇمو دېمەك ئاقسۇ دېمەكتۇر. ستەيىن ئۆزىنىڭ «سېرىندىيە» دېگەن كىتابىنىڭ 1297- بېتىدە بۇ جايغا مۇناسىۋەتلىك بارلىق تەتقىقاتلارنى بىرمۇ بىر كۆرسىتىپ ئۆتكەن.

لۇدېرس تەتقىق قىلغان ھۆججەتتە يەنە ئىككى يەر نامى ياكى دۆلەت نامى بار، بۇنىڭ بىرى ھىپپۇكا (Hippuka) بولۇپ ئورنى مەلۇم ئەمەس⑨. يەنە بىرى H. ɕyuka (باشتىكى ھەرپ تۇتۇق بولۇپ a بولۇشى مۇمكىن ياكى i,e,o بولۇشىمۇ مۇمكىن، لېكىن ھەرگىز u ئەمەس)، لۇدېرس بۇنى خوچيۇكا (Hocyuka) دەپ ئوقۇشقىمۇ بولىدۇ، بۇ تۇرپان ئەتراپىدا بولۇپ، قەدىمكى قوچۇنىڭ باشقىچە ئاتىلىشى دەپ قارايدۇ. مېنىڭچە مۇنداق دېيىش توغرا بولمىسا كېرەك. 6- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى تەرجىمە قىلىنىغان «يۆساڭ نومى» غا كىرگۈزۈلگەن دۆلەتلەردىن بولۇكانىڭ كەينىدە شىجۇجيا 溪周迦 دېگەن دۆلەت نامى بار. لېۋى بۇنى ھىجۇكا

( Hejuka ) دەپ ئەسلىگە ياندۇرغان ( يىراق شەرق فرانسىيە مەكتىپىنىڭ ژۇرنىلى، 5- جىلد، 263- بەت ) . بىراق 周 خېتى قەدىمكى ئوقۇلۇشى بويىچە تىل ئالدى تاۋۇشى بىلەن ھېچۇكا ياكى ھېچيۇكا دەپ ئوقۇلۇشى كېرەك، لۇدېرس كۆرگەن ئەسلى نامنى مۇشۇنداق تۈزىتىشكە بولىدۇ. بىراق، قوچۇنىڭ باشقىچە ئاتىلىشى دېگەن قاراشنى تەشەببۇس قىلغىلى بولمايدۇ⑩ .

ئۇنداقتا ھېچيۇكا زادى قەيەردە؟ بۇ دۆلەت نامى «يۈساڭ نومى» دابالۇكا دۆلىتى بىلەن بىر قاتاردا تىلغا ئېلىنغان. بالۇكا دۆلىتى دەل ھازىرقى ئاقسۇ. ئاقسۇنىڭ غەربىدىكى جاينىڭ نامى ئۇچتۇرپاندۇر. تۇرپان نامى كېيىنكى يىللاردا قوشۇلۇپ قالغان. قەدىمكى يۇرت نامى بولغان ئۇچ 1330 - يىلى 倭赤 دەپ، خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ۋېنسۇ ( 温宿 ) دەپ، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يۇجۇ ( 于祝 ) دەپ ئاھاڭ تەرجىمىسى قىلىنغان⑪ . جۇ 祝 خېتى قەدىمكى ئوقۇلۇشى بويىچە تىل ئارقا تاۋۇشى بىلەن ئۇچۇك ( ucük ) دەپ ئوقۇلۇشى كېرەك. مەن سانسكرىتلاشقان ھېچيۇكا، ھېچۇكا دېگەن ناملارنى دەل مۇشۇ 于祝 نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن دەپ قارايمەن⑫ . ئەمدى ۋېنسۇغا كەلسەك، ۋېنسۇدىكى سۇ تىل ئالدى تاۋۇشىغا تەۋە⑬ . ۋېنسۇ قەدىمكى تەلەپپۇزى بويىچە ئۇرسۇك ياكى ئۇرچۇك دەپ ئوقۇلۇشى كېرەكلىكىنى تەشەببۇس قىلىمەن. بۇمۇ خەنزۇچە يۇجۇ، شىجۇجيالاردىن ئۆزگىرىپ كەلگەن.

مانا مۇشۇنىڭدىن قارىغاندا لۇدېرس بايقىغان بىر نەچچە خىل نام ھەققىدىكى تەتقىقات ئاقسۇ، كۇچا، ئۇچتۇرپان ناملىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، ئۇنىڭ كەلگۈسىدە تېخىمۇ زور بايقاشلارنى قولغا كەلتۈرۈشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئىزاھلار:

① 1922 - يىلى ئېلان قىلىنغان «پرۇسسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى خاتىرىلىرى» نىڭ 243 - 261-بەتلىرىدىكى «غەربىي يۇرتنىڭ تارىخىي يەر ناملىرى ھەققىدە تەتقىقات» دېگەن ماقالىگە قاراڭ.

② 龟 خېتى دائىم 归 دەپ ئوقۇلۇپ قالىدۇ، بۇ يەردە جيۇ 鸠 دەپ ئوقۇلۇشى كېرەك. جۇڭگودا يەرلىك تىلدىكى بۇ باش ھەرپنى ئىپادىلەيدىغان تەڭداش يۇنمۇ بولمىسا كېرەك. ئۇنىڭدىكى يۇنمۇ ياكى U ھەرپىدىن بۇ سۆزنىڭ Kuci ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلغىلى بولىدۇ. بىراق بۇ سۆزنىڭ بەزى - بەزىدە 归兹 دەيدىغان ئالاھىدە يېزىلىشمۇ ئۇچراپ قالىدۇ. بىز u ھەرپىنىڭ بىراخما يېزىقىدا yu دەپ، ئۇيغۇر يېزىقىدا ui دەپ ئوقۇلىدىغانلىقىنى بىلىشىمىز كېرەك. كەينىدىكى 兹 خېتىغا كەلسەك جاراڭلىق ئوقۇلىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ تەڭدىشى Kuji ( j=zh ) بولسا كېرەك. بۇ خىل جاراڭلىق تاۋۇش بىلەن يېزىلىش مەسىلىسىنى 4- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىكى 拘夷 بىلەن باغلاشقا بولىدۇ. مانا بۇ جۇينىڭ يەرلىك تىلدا ئوقۇلۇشى كۇجى ( Kuji ) بولسا كېرەك. جۇيى خېتى ئىلگىرى ( kusinagara ) 拘尸那揭罗 دەپمۇ ئاھاڭ تەرجىمىسى قىلىنغان، بۇ كىشىلەرگە تونۇشلۇق.

③ پ. كوردىيېرنىڭ «تىبەت خاتىرىلىرى» ناملىق ئەسىرىنىڭ 3- جىلد 433 - بېتىگە قاراڭ.

④ بارۇكا دۆلىتى «بۇيۇك توز نومى» دا بارۇكاچىا ( 婆卢揭车 ) نامى بىلەن تەڭ تىلغا ئېلىنغان. لېۋى

ئۆزىنىڭ «بۈيۈك توز نومى. يېچا ناملىرى» دا بۆتلىڭنىڭ لۇغىتىدە بارۇكا دېگەن بىر پادىشاھنىڭ نامى بارلىقىنى تىلغا ئالغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ھەقتە ئالاھىدە چۈشەنچە بەرمىگەن.

⑤ «يېڭى تاڭنامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە «بارۇكا بىر كىچىك بەگلىك» دېيىلگەن بولسا، «تاجىكلار تەزكىرىسى» دە «شەرقتە مولۇ 末禄 دېگەن بىر كىچىك بەگلىك بار» دېيىلگەن. «يېڭى تاڭنامە» نى خاتا پايدىلىنىپ قالمىغان بولسام بۇ ئىككىسىنى ھەرگىز بىر نام دەپ قاراشقا بولمايدۇ.

⑥ 1913 ـ يىلىدىكى «ئاسىيائىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 2ـ توم، 338 ـ بېتىدىكى لېۋىنىڭ ماقالىسىگە قاراڭ.

⑦ مەن مىلادىيە 288 ـ يىلى تەرجىمە قىلىنغان نومدىكى كامبو ( 剑浮 ) دۆلىتىنى 姑墨 دۆلىتىنىڭ ئۆزى دەپ قارايمەن.

⑧ «تۇڭباۋ» نىڭ 1907 ـ يىللىق سانىنىڭ 553ـ بېتىدىن 556 ـ بېتىگىچە بولغان جايلارغا قاراڭ. ستەيىن ئۆزىنىڭ «سىرىندىيە» دېگەن كىتابىدا باخۇەن 拔换 نامىنى تىلغا ئالغان بولسىمۇ لېكىن ئۇنى دەلىللىمىگەن. بىراق بۇ ماقالە 1906 ـ يىلى مەن قەشقەردىكى چاغدا يېزىلغان، شۇڭا ئۇنىڭ نۇرغۇن جايلىرىنى تۈزىتىشكە توغرا كېلىدۇ.

⑨ «يۈساڭ نامى» دا تىلغا ئېلىنغان 25 بەگلىك ئىچىدە 溪浮迦 بەگلىكى دېگەن بىر نام ئۇچرايدۇ. بۇ بەلكىم Hecyuka نىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇشى مۇمكىن. بىراق بۇ بەگلىكنىڭ ئورنى تېخىچە ئېنىقلانمىدى.

⑩ مېنىڭچە «يۇ» يۇنمۇسى براخما ۋە تۈرك يېزىقلىرىدا «ئۇ» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىشى كېرەك، «قوچو» نامىدا مۇنداق ھەرپ يوق. تۇرپاننىڭ قەدىمكى نامى 288 ـ يىلى تەرجىمە قىلىنغان نومدا ئالدى قوش بەگلىكى دەپ ئېلىنغان. بۇ دەل ئىلگىرىكى ئالدى قوش بەگلىكىدۇر. قىسقىسى، بۈگۈنكى تۇرپان بىلەن بېشبالىق ئىككىسى ئوخشاش. ئالدى قوش دۆلىتى ھەققىدە «ئاسىياشۇناسلىق ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1912ـ يىللىق 1ـ ساندىكى مېنىڭ 579ـ بەتتىن 580ـ بەتكىچە بولغان چۈشەندۈرۈشۈمگە قاراڭ.

⑪ شاۋاننىڭ «غەربىي تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» دېگەن كىتابىنىڭ 9ـ بېتىگە، ستەيىننىڭ «سىرىندىيە» دېگەن كىتابىنىڭ 1299ـ بېتىگە قاراڭ.

⑫ هازىرقى خوتەن خەن سۇلالىسى دەۋرىدە يۇتيەن 于阗 ، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئودون ( 斡端 ) دەپ يېزىلغان، نېمە ئۈچۈن مۇنداق يېزىلغانلىقى ئېنىق ئەمەس. ھېچيۇكا( 溪周迦 ) دىكى e بىلەن ئۈچ ( 于祝 ) تىكى u نى سېلىشتۇرساق بۇ بەلكىم توخرى تىلىدا دائىم كۆرۈلىدىغان تاۋۇشلارنىڭ نۆۋەتلىشىش قانۇنىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك ئىش بولسا كېرەك. لېۋى «ئاسىياشۇناسلىق ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1913 ـ يىللىق 2ـتوم 372ـ بېتىدە بۇنىڭغا مىسال كەلتۈرگەن.

⑬ 宿 خېتى تىل ئالدى ۋە تىل كەينى تاۋۇشلار بىلەن ئىككى خىل ئوقۇلىدۇ. ۋېنسۇ يەنە جيا شىننىڭ «يوللار تەزكىرىسى» دە 宿肃 دەپمۇ يېزىلغان، بۇ يەردىكى 肃 خېتى تىل كەينى تاۋۇشى بىلەنمۇ ئوقۇلىدۇ.

1995 ـ يىلى بېيجىڭ سودا نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «غەربىي يۇرت ۋە جەنۇبىي دېڭىزنىڭ تارىخ ـ جۇغراپىيىسىگە ئائىت تەتقىقاتلار» ناملىق توپلامنىڭ 1ـتومىدىن تەرجىمە قىلىندى.

تەرجىمە قىلغۇچى: ئابلىز ئورخۇن

تەرجىمە تەھرىرى: دىلمۇرات مۇسا

# 新疆地方志

（季刊）

目录

2006年第一期

总第七十四期


顾问

乌依古尔·沙依然
伊敏·图尔逊
努尔穆罕默德·多莱提
沙比尔·艾力

主编

迪木拉提·木沙

副主编

阿不都肉甫·艾力
艾合买提·肉孜·托格如力

编委
（姓氏以维吾尔文字母为序）

阿不都肉甫·艾力
阿不都守库尔·图尔地
阿不都克优木·霍加
阿不来提·努尔东
阿不来提·伊敏
热米拉
沙比尔·艾力
吾甫尔·吾守尔·尼亚孜
霍加阿合买提·优努斯
哈德尔·阿皮孜
哈斯木·霍加
库尔班·马木提

责任编辑

甫拉提·伊米提


# 目录

## 文献辑录


2005年新疆地方志工作大事记 …… 1
自治区地方志编委会2006年工作要点 …… 10


## 学术讨论


俄国收藏的有些龟兹文文献 …… 特来提，买买提 15


## 历史资料


摘自父亲的回忆录 …… 图尔孙·巴拉提 28
曾经在喀什的师公们 …… 奥斯曼·穆罕默德 34


## 历史回忆录


与尧乐瓦斯一起度过的日子 …… 艾山·巴拉提 36
回忆启蒙苑地—希望学校 …… 阿布都萨拉木·托合提 45


## 历史人物


我熟悉的穆特里甫 …… 艾合买提依明 54


## 地名研究


库车，阿克苏，乌什古名 …… 伯希和 60


封面： 于阗佛教时代的壁画

www.uyghurkitap.com

# شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى (پەسىللىك ژۇرنال)

# 新疆地方志 维吾尔文(季刊)


باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى
ش ئۇ ئا ر تەزكىرە ئىلمىي جەمئىيىتى

办：新疆维吾尔自治区地方志编纂委员会
新疆维吾尔自治区地方志学会

تۈزگۈچى ۋە نەشر قىلغۇچى: «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» تەھرىر بۆلۈمى
辑出版：《新疆地方志》编辑部

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى يېڭەنكۆل يولى غەربىي 1 - كوچا 12 - نومۇر
址：乌鲁木齐市南湖路西一巷 12 号

باسقۇچى: شىنجاڭ جىنبەن مەتبەئە چەكلىك شىركىتى
刷：新疆金版印务有限公司

مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۈتاش نومۇرى: CN65—1128 / K—W
内统一刊号 CN65—1128/K—W

تېلېفون نومۇرى: 4640715 پوچتا نومۇرى: 830063
话：4640715 邮政编码：830063

باھاسى: 3.00 يۈەن
价：3.00 元